بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني




2

2012

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى



2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئىران ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2012 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، سەئۇدى ئەرەبىستانى مالىيە مىنىستىرلىقى ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئالجىرىيە ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان ئالجىرىيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭىغا دۇئا تىلاۋەت قىلدى.



2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئافغانىستان پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى.



2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، قازاقىستان پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو چاد دۆلىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەۋلۇت پائالىيىتىگە قاتناشتى.



2012 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئامېرىكا مۇسۇلمانلار ئۇلتۇراق رايونى ئالاھىدە ۋەكىلى فەرراھ پەندىس جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۇنۇس تارتقان)

# بەدىئى شەرىف

بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىلگىن، ياشلىقىڭنى قېرىشىڭدىن بۇرۇن، تەن-ساقلىقىڭنى ئاغرىپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، بايلىقىڭنى كەمبەغەللىشىپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، بوش ۋاقتىڭنى ئىش بىلەن بەند بولۇشىڭدىن بۇرۇن ۋە ھاياتىڭنى ئۆلۈشىڭدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىلگىن.

(ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

ئىنسان ئۆز بەدىنىدىكى ھەربىر ئۇگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ھەر كۈنى سەدىقە بېرىپ تۇرۇشى لازىم، بىر كىشىنىڭ ئۇلاغقا مىنىشىگە ياردەملەشسە ياكى ئۇنىڭ يۈك-تاقلىرىنى ئارتىشىپ بەرسە، بۇ ئىش ياردەملەشكۈچى ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. ياخشى سۆزمۇ، ناماز ئوقۇشقا ماڭغان ھەربىر قەدەممۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. كىشىگە يول كۆرسىتىپ قويۇشمۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

سەن كەمبەغەللىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرغان، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان، پۇل-مالغا ھېرىسمەن بولۇپ تۇرغان، ساغلام تۇرغان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقەڭنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇ، سەدىقە بېرىشنى كېچىكتۈرمىگىن، كېچىكتۈرۈپ جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا، پالانىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار، پوكۇنىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار دېگىنىڭ بىلەن بۇ چاغدا مال باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

(بۇخارى ، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

المسلم الصينى

# مۇندەرىجە

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىمان — بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ مەنبەسى ........
........ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(4)

## قۇرئان كەرىم تەپسىرى

سۈرە «ياسىن» نىڭ قىسقىچە تەپسىرى ........
شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(20) ........

## ۋەز-تەبلىغ

بىلىملىك بولۇش بىلەن قەلبنى پاكلاشنىڭ مۇناسىۋىتى ........
شۆھرەتۇللا ھەبىبۇللا(33) ........

## ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق


ئەپۇچانلىق ئائىلىلىق ئەخلاقنىڭ تۈپ مىزانىدۇر ........
........ئىلتەرىش ئەزىز(36)
ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر ........
........ئارزۇگۈل غوپۇر(41)

## مۇسۇلمان ئالىملار

ئىمام مالىكنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........
........يۇسۇپجان سەمەت(46)

## ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز

ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ئىمىن ئاخۇن داموللام ........
........جارۇللا يۇسۇپ(56)



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال ئومۇمىي 103-سان)
(季刊 总第103期)

پەخرىي باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
باش مۇھەررىر: ئادىلجان ھاجى كېرىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ
مۇھەررىرلەر: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى، بەت ياسىغۇچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر

名誉主编: 夏米西丁・哈吉
主编: 阿地里江・阿吉克力木
副主编: 巴拉提・拉吉甫
编辑: 安尼玩买买提
买买提阿布拉・艾买尔
美编、排版: 夏美希努尔・吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007－5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11－1346/B
邮发代号: پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58—167
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720
国外代号: Q1720
E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## مەسچىت- مەدرىسەلەر

كورلا جامە مەسچىتى ......... ئابدۇغوپۇر كېرەم(59)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

مۇسىبەتنىڭ ھۆرمىتى بولسۇن ......... ناسىرجان ئابلىز(61)

11 ئاينىڭ سۇلتانى ......... گۈلبوستان مامۇت(55)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى نۇر بەكرى 2012-يىللىق 1-قارارلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ......... ئامانۇللا ھىزبۇللا(62)

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ......... راھىلە ئابدۇكېرەم(35)

ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى، تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ......... (63 — 64)

شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئەرەب تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش، دىئالوگ قاتارلىق 3 تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى ......... راھىلە ئابدۇكېرەم(40)

شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيەگە ئورۇنلاشتۇردى ......... راھىلە ئابدۇكېرەم(58)

دۆلىتىمىزنىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا زىياپەت بەردى ......... راھىلە ئابدۇراھمان ھاجى(64)

باي ناھىيەسىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى ......... ھەسەن ئابدۇۋەلى(64)

باي ناھىيەسىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى 10مىڭ تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك ئورمان، گۈل-گىياھ ئۆستۈردى ......... ھەسەن ئابدۇۋەلى(64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: قازاقىستان ئاستانا شەھىرىدىكى نۇرئاستانا مەسچىتى

بۇ سان 2012-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى


ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

2012

2

مەسئۇل ئورۇن: دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېلېفون نومۇرى: 59313090, 59313021 (010)
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002؛ ئالاقىلەشكۈچى: ئەكبەر
تېلېفون نومۇرى: 5508069 (0991)
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主管单位：国家宗教事务局
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局，乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部
地址：北京市宣武区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 59313090，59313021
新疆发行站：乌鲁木齐市黑龙江路 280 号
邮编：830002　电话：(0991) 5508069
联系人：艾克拜尔
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)



# ئىمان — بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ مەنبەسى

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

13. **''سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر''**{سۈرە«ئەھزاب» (33 ـ سۈرە)، **21** ـ ئايەت}، دېگەن ئايەت كەرىمەدە كۆرسىتىلگەندەك بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈگىنىش ئۈلگىسى قىلىشىمىز. شۇنداقلا دۇنيالىق ئىشلىرىمىز ۋە دىنىمىزغا پايدا يەتكۈزىدىغان، توغرا يوللۇق، ئىخلاسمەن ۋە سالىھ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە كۆپرەك ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىدىن ئۈلگە ئېلىشىمىز، مەنپەئەتلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى كىشى قىيامەت كۈنىدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **''سەن پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن- ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار(يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن''**{سۈرە«كەھف»(**18** ـ سۈرە)، **28** ـ ئايەت}.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''ھەقىقەتەن ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ، ئىپار ساتقۇچىغا كەلسەك، ئۇ ياكى ساڭا ئىپاردىن بېرىدۇ، ياكى ساڭا سېتىپ بېرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن، تۆمۈرچىگە كەلسەك، ئۇ ياكى كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرايسەن''**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

* بېشى ئۆتكەن ساندا

قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىشىنىڭ دىيانىتى دوستىنىڭ دىيانىتىگە باغلىق بولىدۇ، شۇڭا، سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار كىم بىلەن دوستلىشىدىغانلىقىغا قارىسۇن"**(ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىشى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

شۇڭا مۇئمىن مۇسۇلمان كىشى قىيامەت كۈنىدە ياخشىلار، تەقۋادارلار بىلەن بىللە جەم بولۇشى ئۈچۈن شۇلار بىلەن دوستلىشىشى، يامانلار، پاسىقلاردىن يىراق بولۇشى لازىم.

**14**. مۇسۇلمان بولۇشقا شەرت قىلىنغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغانىنىڭ سىرتىدا پەرزلەرنى ئادا قىلىشتا ھەرقانداق كىشى خالىي بولالمايدىغان يېتەرسىزلىك، نۇقسانلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتمىسى بويىچە نەفلە ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشىمىز، قەلبىمىز ۋە تىلىمىز ئارقىلىق داۋاملىق ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشىمىز، ئاللاھ تائالا بىلەن قەلبىمىز ئارىسىنى توسۇپ تۇرىدىغان بارلىق پايدىسىز مەشغۇلاتلاردىن يىراق بولۇشىمىز لازىم.

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **"قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە ئاللاھ تائالانى دەپ كۈندە 17 رەكئەت پەرزدىن باشقا 12 رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھەرقانداق بىر بەندە ئاللاھ تائالا يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، شۇ بىر كۈنىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەمنى ئاللاھ تائالا دوزاختىن 70 يىللىق يىراق قىلىدۇ"** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ يەھيا خۇزەيىم ئىبنى فاتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلسا، ئۇنىڭغا 700 ھەسسە ساۋاب يېزىلىدۇ"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئۇلۇغلاش ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا زىكىر ئېيتىپ تۇرۇش ئەڭ پايدىلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىنلىقتۇر. چۈنكى، پۈتۈن ۋاقىت، پۈتۈن ئۆمرىنى زىكىر بىلەن ئۆتكۈزۈش كىشىلەرنى تەقۋادارلىققا ئۈندەيدۇ، پىتنە ـ پاسات، نەپسى ـ خاھىش ۋە يامانلىقتىن ساقلايدۇ، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىنى دائىم ئۇلاپ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھ يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ بىر تۈرىدۇر.

ئاللاھ تائالانى ئەسلەش مۇئمىننى ياراتقۇچىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ، تەشەككۈر بولسا ئاللاھ تائالاغا راستچىللىق بىلەن قۇللۇق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۈكۈر قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، شۈكۈر ۋاجىب، بۇ پەرزلەرنى ئادا قىلىش، ھارامنى تەرك ئېتىش بىلەن بولىدۇ؛ يەنە بىرى، شۈكۈر مۇستەھەب بولۇپ، بۇ زىكىر، تەسبىھكە ئوخشاش ئىبادەتلەر، باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ھەقنى سۆزلەش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار"**{سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە) 41 — 42 ـ ئايەتلەر}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇركى، بەندەم ماڭا زىكىر ئېيتىپ، ئىككى لېۋى مىدىرلاپلا تۇرسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

**15**. تىلىمىزنى بىھۇدە، پايدىسىز يامان، ناشايان گەپ ـ سۆزلەردىن ساقلىشىمىز لازىم. چۈنكى تىلى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاش جەننەتكە كىرىش ۋە دوزاختىن نىجات تېپىشنىڭ يولى. ئىنساننىڭ بەزىدە ئويلانماستىن، پەرۋاسىز دەپ تاشلىغان بىرەر ئېغىز سۆزى شۇ كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، سۆزلەشتىن بۇرۇن سۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر**“{سۈرە«مۇئمىنۇن» (23 ـ سۈرە)، 3 ـ ئايەت}؛ ”**بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە(يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل(يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ**“{سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 ـ سۈرە)، 36 ـ ئايەت}.

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىمكى ئېغىزىنى ۋە جان يېرىنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**بەندە ئويلىمايلا ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان بىر سۆز قىلىپ قويىدۇ، بۇ سۆز سەۋەبىدىن ئۇنى ئاللاھ تائالا بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يەنە بىر بەندە پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىپ قويىدۇ، بۇ سۆز سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇ**“(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: ”ئى رەسۇلۇللاھ! نىجاتلىققا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟“ دېۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**تىلىڭنى چىڭ تۇت، ئۆيۈڭنى ئازادە بىل، خاتالىقلىرىڭغا يىغلىغىن**“ دېدى (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

”كىشىلەرگە بەخت ۋە روھ بېغىشلايدىغانمۇ تىل، نەسلىك، بەختسىزلىك يۇلتۇزىنىڭ چىقىدىغان ئورنىمۇ ھەم تىل. تىلدا قابىلىيىتى ئۈستۈن كىشى، ئەقىللىق كىشىدۇر، ئۆز سۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان كىشى پەس كىشىدۇر“(ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى).

**16**. بىز مۇسۇلمانلار شەرئى ئۆزرىلەر بولمىسىلا ئىمكانقەدەر بەش ۋاق پەرز نامازلارنى مەسچىتلەردە جامائەت بولۇپ ئوقۇشىمىز لازىم. چۈنكى، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش — كىشىنى نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرىدۇ؛ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقەتەن ئالاقىدار كىچىك گۇناھلارغا كەففارات بولىدۇ. ئالغان ھەربىر قەدىمى باراۋەرىگە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا جەننەتتىكى مەرتىۋىلىرىدىن بىر دەرىجە كۆتىرىلىدۇ. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا، مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”**نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار**“{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”**كىمكى ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ، پەرز نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بارسا، ئۇنىڭ باسقان قەدەملىرىنىڭ بىرى خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ دەرىجەسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ**“(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”**جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىدىن 27 ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بىز جامائەتلىك نامازلاردا سەپلەرنى تۈز قىلىشىمىز ۋە بىرىنچى سەپتىن باشلاپ سەپلەرنى توشقۇزۇشىمىز، شۇنداقلا سەپتە يەنە بىر ناماز ئوقۇغۇچى پاتقۇدەك بوش جاي قالدۇرماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، سەپلەرنى بوش قويۇش جامائەت ساۋابىنى ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ، سەپلەرنىڭ تۈزلۈكى نامازنىڭ ياخشى بولۇشىنى، جامائەتلەرنىڭ نامازغا تولۇق بېرىلگەنلىكىنى، كۆرۈنۈشنىڭ گۈزەللىكى ۋە قەلبلەرنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىمىز نامازنى سېپىنىڭ تۈز، باراۋەر بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتا، ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىنى ساقلاپ، ئىتتىپاق بولۇشىنى، ھەممە ئىشلاردا بۇ بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىشنى مەقسەت قىلغان.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**سەپراس تۇرۇڭلار، چۈنكى سەپنىڭ تۈز بولۇشى نامازنىڭ تولۇق ئوقۇلغانلىقىدۇر**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت

قىلغان) .

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ناماز ئوقۇغاندا سەپنە رۇس تۇرۇشۇڭلار كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا تەپرىقە سېلىپ قويىدۇ**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

17 . بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرگە ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىنى ۋە ئامانلىقنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىمىز ئۈچۈن ئەجەل يېتىشتىن بۇرۇن ۋە ياكى بىرەر توسالغۇ بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى توغرا يول، ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان پۇل ـ ماللىرىمىزدىن تائەت ـ ئىبادەت ئىشلىرىمىزنى ئورۇنداش، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزغا ۋە بىر تۇغقان ـ قېرىنداشلىرىمىزغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، ئايالىمىز، بالىچاقلىرىمىزغا نەپىقە بېرىش، مېھمانلىرىمىزغا زىياپەت تەييارلاش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خەيرى ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش قاتارلىق ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشىمىز، بېخىللىق قىلماسلىقىمىز، شەرىئەت چەكلىگەن ناتوغرا يوللارغا خەجلىمەسلىكىمىز ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىستېماللىرىمىزدا ھەددىدىن ئېشىپ ئىسراپچىلىق قىلماسلىقىمىز، بەلكى تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى ئىنسان مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنى ۋە شان ـ شەرىپىنى قوغداپ قالىدۇ، ھارام مال يېيىش بولسا دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىدىكى سەۋەب، ھالالدىن يېيىش بولسا دۇئا ئىجابەت بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا(يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار**"{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 172 ـ ئايەت}؛ "**ئۇلار بېخىللىق قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلاردۇر، كىمكى(ئاللاھنىڭ يولىدا نەپىقە قىلىشتىن) باش تارتىدىكەن(ئاللاھقا ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، چۈنكى ئاللاھ بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر**"{سۈرە«ھەدىد»(57 ـ سۈرە)، 24 ـ ئايەت}؛ "**(ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزەڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر، ئاللاھقا قەرزىي ھەسەنە بەرسەڭلار(يەنى مەمنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار) ئاللاھ سىلەرگە ئۇنىڭ(ساۋابىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر(يەنى بەندىلىرىنى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). (ئاللاھ) غايىبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**"{سۈرە «تەغابۇن»(64 ـ سۈرە)، 16—18 ـ ئايەتلەر}؛ "**ئۇلار(يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ**"{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 67 ـ ئايەت}؛ "**قولۇڭنى بويىنۇڭغا باغلىۋالمىغىن(يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن(يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن**"{سۈرە «بەنى ئىسرائىل»(17 ـ سۈرە)، 29 ـ ئايەت} .

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**...پۇل-مال دېگەنمۇ يېشىل نەرسىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى شېرىن نەرسە، پۇل-مېلىنى ھالال يول بىلەن تېپىپ، خۇدالىق ئۈچۈن خەيرىيەت ئىشلىرىغا، يېتىملەرگە، پېقىرلەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە مۇساپىرلارغا سەرپ قىلغان مۇسۇلمان ئۈچۈن مال نېمە دېگەن ياخشى ھەمراھ! پۇل-مالنى ھارام يول بىلەن تاپقان ۋە تېگىشلىك ئورۇنلارغا سەرپ قىلمىغان كىشى يەپ تويمايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پۇل-مېلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ**"(بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنى ئېسىمگە ئېلىۋالغانىدىم: "**سەن شەكلىنىدىغان نەرسىنى قويۇپ، شەكلەنمەيدىغان نەرسىنى تۇتقىن، چوقۇم راستچىللىق دىلنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر، يالغانچىلىق دىلغۇللۇقتۇر**"(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان) .

ئاللاھ يولىدا سەدىقە ـ ئېھسان قىلغۇچىنى ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۈستۈن قىلىدۇ، ئۇنىڭ

خاتالىقلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ، ئاللاھ تائالا سەدىقە ـ ئېھسان قىلغۇچىنىڭ ئۆمرىگە، ئەمەلىگە بەرىكەت ـ ئۇنۇم، ئىككى ئالەملىك ئىشلىرىغا تەۋپىق، ياردەم بېرىدۇ، ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. سەدىقە قىلىش بىلەن پۇل ـ مال خوراپ قالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنداق پۇل ـ مالغا بەرىكەت ـ ئۇنۇم بېرىپ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. سەدىقە ئۈچۈن بېرىلگەن ئەجىر ـ ساۋاب ئاخىرەتتە شۇ كىشىنىڭ بېخىل، خەسىس (پىخسىق) دېگەندەك ناچار ئەيىبلىرىنى مەھشەر ئەھلىلىرىدىن پەردىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"(ئاللاھنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ"**{سۇرە«سەبەئ»(34 ـ سۇرە)، 39 ـ ئايەت}؛ **"مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير-ئېھسان قىلىسىلەر، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلساڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ"**{سۇرە «بەقەرە»(2 ـ سۇرە)، 272 ـ ئايەت}؛ **"ئى مۇئمىنلەر! ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار"**{سۇرە «بەقەرە»(2 ـ سۇرە)، 148 ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: 'ئى ئادەم بالىسى! ئاللاھ تائالا يولىدا بەرگىن، ساڭىمۇ ئاللاھ تائالا بېرىدۇ"** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇئمىن كىشىنىڭ ساق ۋاقتىدا قىلغان سەدىقەسى كېسەل ۋاقتىدا ۋە ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بالىچاقىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ يارەنلىرى ئۇ كىشى نامىدىن قىلغان سەدىقەدىن ئەۋزەل بولىدۇ. چۈنكى كىشى ساغلام ۋاقتىدا بېخىلراق بولىدۇ، بۇنداق ھالەتتە سەدىقە بېرىش شۇ كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، نىيىتىنىڭ دۇرۇس، چىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ساقىيىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن، مال ـ بىساتىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى كۆرگەن كىشىنىڭ كېسەل ھالەتتە قىلغان سەدىقەسى ئەجىر ـ ساۋاب جەھەتتە مۇكەممەل بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: 'پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى(يەنى ئەجىلىمنى) بىرئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم' دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار. ئاللاھ ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر"**{سۇرە«مۇنافىقۇن»(63 ـ سۇرە)، 10 ـ، 11 ـ ئايەت}.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى: **"بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىلگىن، ياشلىقىڭنى قېرىشىڭدىن بۇرۇن، تەن-ساقلىقىڭنى ئاغرىپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، بايلىقىڭنى كەمبەغەللىشىپ قېلىشىڭدىن بۇرۇن، بوش ۋاقتىڭنى ئىش بىلەن بەند بولۇشىڭدىن بۇرۇن ۋە ھاياتىڭنى ئۆلۈشىڭدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىلگىن"**(ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"گەرچە يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ، دوزاختىن ساقلىنىڭلار"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: "ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى خىلدىكى سەدىقەنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇ؟" دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"سەن كەمبەغەللىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرغان، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان، پۇل-مالغا ھېرىسمەن بولۇپ تۇرغان، ساغلام تۇرغان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقەنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇ، سەدىقە بېرىشنى كېچىكتۈرمىگىن، كېچىكتۈرۈپ جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا، پالانىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار، پوكۇنىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار دېگىنىڭ بىلەن بۇ چاغدا مال باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ"** دەپ جاۋاب بەردى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

18. بىز ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ۋە تەدبىرىگە رازى بولۇپ، مۇسىبەت ـ كېسەللىك، قايغۇ ـ ئەلەم، كەمبەغەللىك، زىيان ـ زەخمەت قاتارلىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولغىنىمىزدا داتلاپ،

ئۈمىدسىزلىنىپ، شىكايەت قىلماستىن، بەلكى سەۋر قىلىشىمىز، ئۆزىمىز ۋە باشقىلاردىكى كېسەللىكلەرنى قارغىماسلىقىمىز ۋە تىللىماسلىقىمىز لازىم. بايلىق، تەن ساقلىق، خاتىرجەملىك قاتارلىق خۇشاللىق پەيتلىرىدە ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا، تەشەككۇر ئېيتىشىمىز لازىم. چۈنكى نېمەتكە تەشەككۇر ئېيتىش بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئاتاسىغا ھەمدۇسانا ئوقۇغانلىقى بولسا، تەشەككۇر ئېيتماسلىق ئەكسىچە تۇزكورلۇق قىلىش، قەدىر-قىممىتىنى بىلمەسلىك، نادانلىق ۋە غەپلەت باسقانلىقىدىندۇر. سەۋر — جۇلالىنىپ تۇرغان نۇر بولۇپ، كىشىگە گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل خۇلق ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى ئالەملىك خاتىرجەملىك، سالامەتلىك، ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانىدۇر، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (بىلىش كېرەككى) ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر)، (ئاللاھنىڭ) كەرەمى كەڭدۇر" {سۈرە «نەمل» (27 - سۈرە)، 40 - ئايەت}؛ "ئى مۆئمىنلەر! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار" {سۈرە «ئال ئىمران» (3 - سۈرە)، 200 - ئايەت}؛ "پەقەت سەۋرى قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ" {سۈرە «زۇمەر» (39 - سۈرە) 10 - ئايەت}؛ "كىشىگە يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)، كىمكى ئاللاھقا (يەنى ھەرقانداق مۇسىبەت ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر" {سۈرە «تەغابۇن» (64 - سۈرە)، 11 - ئايەت}.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىشىلەرگە ئارىلىشىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىدىغان مۆئمىن، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ۋە ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلمايدىغان مۆئمىندىن ياخشى" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مۇسۇلمانغا يەتكەن قىيىنچىلىق، كېسەللىك، غەم-غۇسسە، ئەزىيەت ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن، ھەتتا بەدىنىگە كىرگەن تىكەن ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ" (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر بىر ئادەم كېسەل بولۇپ قېلىش ياكى سەپەرگە چىقىش سەۋەبى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەمەللىرىنى قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئادەمگە مۇقىملىق، ساغلاملىق ھالىتىدە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سائىبنىڭ يېنىغا كىرىپ: "سەن نېمە بولدۇڭ، ھەي، ئۇممۇ سائىب! تىترەپ كېتىپسەنغۇ؟" دېدى، ئۇممۇ سائىب: "قىزىتمىدىن تىترەپ كەتتىم، قىزىتما دېگەن قۇرۇپ كەتسۇن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قىزىتمىنى تىللىمىغىن، چۈنكى قىزىتما ئادەم باللىرىنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكى تۆمۈرنىڭ كىر-دېتىنى كەتكۈزۈۋەتكەندەك كەتكۈزۈۋېتىدۇ" دېدى (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى ئاخىرەتكە قالدۇرماي، دۇنيادىلا بېرىۋېتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ جازاسىنى قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىش ئۈچۈن، ئاخىرەتكە قالدۇرىدۇ" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

19. بىز دۇنياۋى ئىشلاردا غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىشتىن ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش كىشىگە جىسمانىي، پسىخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شەيتان غەزەپنى قوزغايدۇ، غەزەپ، ئاچچىق بولسا دىن ۋە دۇنيالىقتا كىشىگە زىيان

يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بىز شەيتاننىڭ بۇنداق ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەش بىلەن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا(پۇل-مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر**››{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 134 ـ ئايەت}.

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**كىمكى ئاچچىقى بويىچە ئىش قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى خالايىقلارنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ، گۈزەل ھۆرلەردىن خالىغىنىنى تاللاش ئىختىيارىنى بېرىدۇ**››(ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**چېلىشقاندا يەڭگەن نوچى ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقى نوچىدۇر**››(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ئىسلام دىنىمىزدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت، باتۇرلۇق ئىبارىسىنىڭ مەنىسى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئىجتىمائىي خۇلقنى كۆرسىتىدۇ.

20. ئادەم بالىسىنىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننىتى ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ھاسىل بولىدۇ، قەدىر ـ قىممىتى، ھۆرمىتى، ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەر ئەڭ مۆتىۋەر، ئەڭ ھۆرمەتلىك بولۇپ، ئەخلاقسىزلار بولسا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئالدىدا ئەڭ قەدىرسىزدۇر. شۇڭا، بىز مۇئمىن مۇسۇلمانلار كىشىلىك جەمئىيەتتە ياخشى ئادەم، ياخشى مۇسۇلمان بولۇپ، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەت، ياخشى قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئورنىتىپ، كىشىلەرگە سەمىمىي ياردەم قىلىدىغان، ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت قىلىشنى خالايدىغان كەڭ قورساق، راستچىل، سەمىمىي، كەمتەر، ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك مۇئمىن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىمىز لازىم.

بىر پۈتۈن جەمئىيەت جامائىتىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىدە تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئەخلاقتۇر. ئەخلاق مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ خىل ساپاغا ئىگە بولغان كىشىلەر بىلەن تىنچ، ئىناق بولغان گۈزەل بىر جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەخلاق كىشىلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان ناتوغرا ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈنمەس يىپ ئارقىلىق تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىلىدىن ئىنساپ ـ تەۋپىق كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىشى ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ خارابلاشقانلىقىنىڭ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنىڭ يارقىن ئالامىتى. تارىختىن ساۋاق شۇكى، ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ گۇمراھلىققا يۈزلىنىشى ئالدى بىلەن شۇ ئەل كىشىلىرىنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىدىن باشلىنىدۇ. ئىسلام دىنىمىز گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرنى مەدھىيەلەيدۇ، تەرىپلەيدۇ. ئېتىقاد بىلەن گۈزەل ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولىدۇ. ئەخلاق پەزىلەت ئىماننىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. ئەخلاق ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىن مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. گۈزەل ئەخلاق كىشىلەرنى يۈكسەك ھاياتقا يېتەكلەيدۇ. ئەخلاق شەخسنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىچكى ئامىل، ئەخلاق بەندىنىڭ دوزاختىن ساقلىنىپ، جەننەتكە كىرىشتىكى ئالدىنقى شەرتى بولغان ساۋابى كاتتا، ئەجرى ئۈزۈلمەس ئەمەلدۇر. قىسقىسى، بىز مۇسۇلمانلار ئىمان ـ ئېتىقادىمىز، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىمىز بىلەنلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۇقىرى دەرىجە، ئالىي مەرتىۋە، چەكسىز بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيمىز. دېمەك، ئىنسان ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ قەلبىنى تازىلاپ، نەپسىنى پاكلىغاندىلا، ئاندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختىگە ئېرىشىشنىڭ يولىنى تاپقان بولىدۇ. ساغلام پاك ئېتىقادىنى، دۇرۇس، گۈزەل ئەخلاقىنى ئۇل قىلمىغان

ئىبادەت جانسىز بولۇپ، مېۋىسىز دەرەختقە ئوخشايدۇ. كامالەت ئىگىسى رەببىمىز ئاللاھ تائالا سەييىدىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان كەرىمدە ئەخلاقى جەھەتتىن تەرىپلەپ، مۇنداق تەستىقلايدۇ: ”**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن**“{سۈرە«قەلەم»(68 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت}.

بىزگە توغرا يولنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن، ئىنسانىيەتنىڭ نۇرلۇق مەشئەلنى كۆتۈرگۈچى، ھىدايەت ئاسمىنىنىڭ ئۆچمەس يۇلتۇزى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىدىكى سەۋەبىنى تەكىتلەپ: ”**مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم**“ دەيدۇ. مانا بۇ ئايەت ۋە ھەدىس مەزمۇنىدىن ئايانكى، سەرۋەرى ئالەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك مەقسىتى— پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى سىڭدۈرۈش، ئالەمگە رەھمەت نۇرلىرىنى چېچىش، ئىنسانلارنى ئەخلاق ـ پەزىلەت رىشتىسى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزىدىغان، ئومۇملۇقنى كۆزلەيدىغان، يۈرىكى گۈزەللىككە تەلپۈنگەن ھەقىقى ئىنسانلىق سۈپىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەخلاق توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا ئالىم ـ ئەدىبلىرىمىزنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزىنى ئەسكە ئالىمىز: ”بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ئۇنىڭ خەزىنىسىنىڭ قانچىلىك مول بولۇشى، سېپىل ـ قەلئەلىرىنىڭ قانچىلىك مۇستەھكەم بولۇشى، شۇنداقلا ئاممۇۋى ئەسلىھەلىرىنىڭ قانچىلىك ھەشەمەت بولۇشى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت تەربىيەسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى، بىلىم مول ياكى يۈزەكى ئىكەنلىكى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ چاكىنا ياكى گۈزەللىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ“.

21. بىز بىرەر ئىشقا دۈچ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمەكچى بولغىنىمىزدا، ھەرگىزمۇ كاھىن(رەمچى) ـ پالچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، رەم ـ پال سالدۇرماسلىقىمىز، ئۇلاردىن ئىشلىرىمىز توغرىسىدا مەسلىھەت، كۆرسەتمە سورىماسلىقىمىز، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، پالچى ـ رەمباللارنىڭ سۆزلىرىگە، كۆرسەتمىلىرىگە چىن پۈتۈش نامازنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئەجىر ـ ساۋابىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئاقىۋەتتە شېرىك، كۇفرىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمان ئاممىسىغا شەرىئەتنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدۇ، ئۇلارغا يالغاندىن قارىسىغا پال، رەم سالىدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە غايىبتىن سۆز ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ غايىبتىن سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ بىرەرسى تاسادىپىي راست چىقىپ قالىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئىماندىن، توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ. ئاقىۋەتتە ھەممىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. شۇڭا بىز غايىبنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ كىشىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز، قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىس شەرىفلىرىنىڭ كۆرسەتمە روھى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىمكى رەممالنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى سوراپ ئۇنىڭغا ئىشەنسە، ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ**“(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

قەبىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ”**يەرگە بىر نەرسىلەرنى جىجىپ، غايىبتىن خەۋەر بېرىش، يامان پال ئېلىش ۋە قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن ياخشى-يامان پال ئېلىش مۇشرىكلىكتۇر**“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”**كىمكى كاھىنغا(يەنى رەمچىگە) كېلىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ**“(ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

كېسەل داۋالاش مەقسىتىدە باخشىلارغا پىر ئوينىتىش، ئاشلىتىش، كۆچ ـ كۆچ قىلدۇرۇش، ئوت كۆچۈرۈش، ئىسرىق سېلىش، داخانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشىنىكسىز، بىمەنە نەرسىلەرنى ئوقۇتۇپ دەم سالدۇرۇش، ئەپسۇن ئوقۇتۇش، ئىسىستقۇ، سوۋۇتقۇ قىلدۇرۇش ئىسلام شەرىئىتىمىزدە ئېنىق بەلگىلەنگەن گۇناھلىق ئىشلاردۇر.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھتىن ئوقۇلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان دۇئالارنى ئەسلى ئىبارىسى بويىچە ئوقۇپ چىن ئىخلاس بىلەن

"شىپالىق پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدۇ" دېگەن ئېتىقاد بىلەن دەم سالسا بولىدۇ. ئۇتبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى (پايدا ئېلىپ كېلىدۇ ياكى زىيان-زەخمەتتىن دەپئى قىلىدۇ، دەيدىغان ئېتىقاد بىلەن تۇمارغا ئوخشاش) بىرەر نەرسە ئېسىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھتىن شۇ نەرسىگە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ" (ئىمام ئەھمەد، ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنى يوقلاپ كېلىپ: "ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ ئى مۇھەممەد!" دېدى. رەسۇلۇللاھ: "ھەئە" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەر نەرسىدىن، ھەر جان ئىگىسىنىڭ شەررىدىن ياكى ھەسەتخورنىڭ يامان كۆزىدىن ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن ساڭا دەم سالىمەن، ئاللاھ تائالا ساڭا شىپالىق بەرگەي، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن دەم سالىمەن" دېدى (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

22. بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزگە ۋە باشقا قېرىنداشلىرىمىزغا زىيان ۋە پىتنە-پاسات ئېلىپ كەلمەسلىكىمىز ئۈچۈن جازانە مۇئامىلىسى قىلماسلىقىمىز، ئۇنىڭغا پۈتۈكچى، گۇۋاھچى، ۋاكالەتچى بولماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، ئىسلام دىنىمىز مونوپول قىلىۋېلىش (يەنى باشقىلارنىڭ ھەققىنى ناھەق ئىگىلىۋېلىش) ۋە شەخسىيەتچىلىك، ئۆزەمچىلىك ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە چىرايلىقچە ئۆتنە-يېرىم قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن بولغاچقا بىزلەرنىڭ مەنپەئەتىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ جازانە مۇئامىلىسىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **"جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: 'سودا-سېتىق جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)' دېدى. ئاللاھ سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى. جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 275-ئايەت}.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ جازانە ئالغۇچى ۋە جازانە بەرگۈچىگە ۋە ئىككى تەرەپنىڭ گۇۋاھچىسى ھەم خاتىرىلىگۈچىگە لەنەت قىلدى (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

23. بىز مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ جېنى، مېلى، يۈز-ئابرۇيىغا چېقىلماسلىقىمىز، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ قورقۇتماسلىقىمىز، مەيلى راست، مەيلى چاقچاق بولسۇن قورال خاراكتېرىنى ئالغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا تەڭلىمەسلىكىمىز، ئەكسىچە بارلىق ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشىمىز، كۆيۈنۈشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي-مەنىۋى ھەقلىرىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغان، ئۇلارغا كۆيۈنمىگەن، ھېسداشلىق قىلمىغان، ياخشىلىق يەتكۈزمىگەن ئادەمگە رەھىم-شەپقەت قىلمايدۇ، قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىگە ئەجىر-ساۋاب بەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"مۆئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن"** {سۈرە «ھىجر» (15-سۈرە)، 88-ئايەت}؛ **"كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قىلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ"** {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 32-ئايەت}.

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۆئمىنلەرنىڭ مىسالى ئۆزئارا دوستلىشىشى، كۆيۈنۈشى ۋە يار-يۆلەك بولۇشىدا بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەندىن بىرەر ئەزا ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەندىن ئۇيقۇ قېچىپ ۋە قىزىپ ئارامسىزلىنىدۇ"** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "قانداق بىر كىشى بولمىسۇن ئۇ قېرىندىشىغا تىغ

**تەكلەيدىكەن، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. تىغ تەڭلىگۈچى ئۆزىنىڭ دادا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ''**( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

24 . بىز مۇسۇلمانلار مەيلى چوڭ ـ كىچىك ، قېرى ـ ياش ، باي ـ كەمبەغەل ، ئەمەلدار ياكى ئاددىي پۇقرا بولسۇن ، مەيلى تونۇيدىغان ۋە ياكى تونۇمايدىغان كىشى بولسۇن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا سەممىي سالام قىلىشىمىز ، ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىشىمىز لازىم . چۈنكى ئىسلامدىكى سالام ــ دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ ، دىللارنى بىرلەشتۈرۈپ ، مېھىر ـ مۇھەببەتنى زىيادە قىلىدۇ. ئەمىنلىك ، خاتىرجەملىك تارقىتىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن جەننەتكە كىرىش پەقەت كامالى ئىمان بىلەن بولىدۇ . ئىمان پەقەت مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن كامال تاپىدۇ . مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سالامنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ .

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **''سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار(يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار(يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار''**{سۈرە«نىسا»( 4 ـ سۈرە) ، 86 ـ ئايەت} .

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''سىلەر مۇئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچىلىك مۇئمىن بولالمايسىلەر، سىلەرنى ئۇنى قىلساڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشقا دالالەت قىلايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار''**( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

''ئەسسالامۇئەلەيكۇم'' دېگەن ئىبارە بىلەن سالاملىشىش ، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان ۋاقىتتىن باشلاپلا ، بەندىلەرگە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەل قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ ، بۇ خىل سالاملىشىش يەنە جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتىكى بىر ـ بىرى بىلەن قىلىشىدىغان سالىمىدۇر .

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **''شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، ناز-نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: 'ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز' دېيىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر- بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: '( ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن(يەنى ئەسسالامۇئەلەيكۇم)' دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: 'جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!' دېيىشتىن ئىبارەتتۇر''** {سۈرە«يۇنۇس»( 10 ـ سۈرە) 9—10 ـ ئايەتلەر} .

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا 'ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەرگىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ساڭا قايتۇرغان سالامىغا قۇلاق سالغىن، بۇ سېنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭنىڭ سالىمى بولۇپ قالىدۇ' دېدى . ئادەم ئەلەيھىسسالام: 'ئەسسالامۇئەلەيكۇم' دەپ سالام بەردى. پەرىشتىلەر: 'ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ ' دەپ 'رەھمەتۇللاھ'نى قوشۇپ قويدى''**( بۇخارى ، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

25 . ئىسلام دىنىمىز پاكلىق ـ پاكىزلىقنى سۆيىدىغان ۋە تەشەببۇس قىلىدىغان دىن . پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى ، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىدۇر . ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن پاك ، پاكىز بولۇش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنلا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بۇرچىمىز ، ۋەزىپىمىز . پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئەڭ زور زىننەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بايلىق ۋە ئەڭ مەدەنىيەلەشكە لايىق سۈپەتتۇر . بۇنى ھەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇشىمىز ۋە ھەر ۋاقىت شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىز لازىم . ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى پاك بولغان ۋە پاك يەرگەنلەرنى سۆيىدۇ ، قوللايدۇ . ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ ، مەينەت ، بەتقىلىق ئادەملەردىن نەپرەتلىنىدۇ ، ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن پاكىزلىق ۋە پاكلىققا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇنى

ئۆزىمىزگە ئادەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. شەخسىي، كوللېكتىپ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، ياخشى تازىلىق ئادىتى يېتىلدۈرۈش ــ بىر مىللەتنىڭ ساپاسى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئېسىل ئەخلاقى پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مۆھىت، شارائىت كىشىلەرنىڭ روھى، جىسمانىي ھالىتىگە، خۇلقى ـ خاراكتېرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەم قانداق شارائىتتا ياشىسا، شۇنداق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىدۇ. گۈزەل مۆھىت، گۈزەل شارائىتتا، ساغلام تەن، ساپ ئەقىل، گۈزەل خۇلق يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى سۆيگەن پاكلىق ۋە پاكىزلىقنى سۆيۈشىمىز، پاك ھەم پاكىز بولۇپ شەرىئەت ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىق ئوبرازىمىزنى ساقلاپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ پاكلىقىنى، شان ـ شەرىپىنى قوغدىشىمىز لازىم. پاكلىق ــ مەنىۋى پاكلىق ۋە ماددىي پاكلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرنى كۆرسىتىدۇ. مەنىۋى پاكلىق دېگىنىمىز قەلبنى شېرىك، نىفاق، كۇفرى، رىيا، ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خىلمۇخىل مەنىۋى ئىللەتلەردىن پاك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۈمىد بولىدۇ"** {سۈرە «شەمس» (91 ـ سۈرە)، 9 ـ، 10 ـ ئايەتلەر}.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھتىن كىشىلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ پەزىلەتلىك دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: **'تەقۋادار، پاك-دىيانەتلىك، گۇناھ قىلمايدىغان، باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان، قەلبىدە ئۆچمەنلىك، ھەسەت بولمىغان راستچىل كىشىلەر'** دەپ جاۋاب بەرگەن" (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

ماددىي پاكلىق ۋە پاكىزلىق دېگىنىمىز، ئومۇمىي بەدەن، كىيىم ـ كېچەك، ھويلا ـ ئارام ۋە ئاممىۋىي سورۇن قاتارلىق جايلارنىڭ تۈرلۈك نىجاسەت، مەينەتچىلىكتىن پاك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ"** {سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 222 ـ ئايەت}؛ **"ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)"** {سۈرە «مائىدە» (5 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت}؛ **"كىيىمىڭنى پاك تۇت"** {سۈرە «مۇددەسسىر» (74 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە پاكلىق ۋە پاكىزلىق توغرىسىدا تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا پاكىزدۇر، ئۇ پاكىزلىقنى سۆيىدۇ. ئاللاھ تائالا سېخىيدۇر، ئۇ سېخىيلىقنى ياقتۇرىدۇ. ھويلا-ئاراملىرىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)؛ **"پاكىزلىق ــ ئىماننىڭ يېرىمىدۇر"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن پاخمۇاش ئادەمنى كۆرۈپ: **"بۇ كىشى چېچىنى تۈزەيدىغان (يەنى تارغاقتەك) بىرەر نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟"** دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن يەنە بىر ئادەمنى كۆرۈپ: **"بۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيىدىغان (سوپۇندەك) بىرەر نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟"** دېدى. ئەبۇل ئەھۋەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ناچار، رەتسىز كىيىملىرىم بىلەن كىرگەن ئىدىم"، رەسۇلۇللاھ: **"سېنىڭ پۇل-مېلىڭ بارمۇ؟"** دەپ سورىدى. مەن: "بار" دېگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ: **"قايسى خىلدىكى ماللىرىڭ بار؟"** دېدى. مەن: "تۆگە، قوي، ئات ۋە قۇللاردىن ئىبارەت ماللىرىم بار" دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئاللاھ تائالا ساڭا پۇل-مال بەرسە، ئۇ ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن نېمىتى ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئەسىرى سەندە كۆرۈلسۇن"** دېدى (ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان).

**"بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

**26**. بىز مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانىنى، كەمچىللىكىنى ئىمكانقەدەر يوشۇرۇشىمىز، ئالەمگە يايماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى بۇ دۇنيادا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ياپقان كىشى ئەمەلگە يارىشا

ئەجرىگە ئېرىشىپ، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. بۇ بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى سوراق قىلماي تۇرۇپ، گۇناھىنى يۇيۇۋېتىش ياكى گۇناھىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىماي، سوراق قىلىپ ئەپۇ قىلىۋېتىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ**" {سۈرە«نۇر»(24 ـ سۈرە)، 19 ـ ئايەت}.

بىلىشىمىز كېرەككى، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ئۆزىمىزنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەيىبىگە كۆز سالماستىن، ئۆزىمىزنىڭ ئەيىبىگە زەن قويۇشىمىز لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**دۇنيادا بەندە بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ**"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلمان كىشى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئەيىبىنىمۇ يېپىش كېرەك. چۈنكى مۇسۇلمان كىشىنىڭ قىلغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىنى، ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىنى ھايا قىلماستىن قەستەن باشقىلار ئالدىدا ئاشكارىلاش ئېغىر گۇناھى كەبىرەدۇر. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ئاللاھ تائالا ياپقان گۇناھنى قەستەن ئاشكارىلاش ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ. ئۇ ھەم يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالانى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە تەقۋادار مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، ھارامدىن تەپ تارتمىغانلىق ۋە ئۆز دىنىنى مەنسىتمىگەنلىك بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: "**ئۈممىتىمنىڭ ھەربىرىنىڭ گۇناھى كەچۈرىلىدۇ. گۇناھنى ئاپئاشكارا قىلغۇچىلارنىڭكى بولسا كەچۈرۈلمەيدۇ. ئاشكارىلاش دېگەن بىر ئادەم كېچىسى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلغان ۋە ئاللاھ ئۇنى يوشۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىگىنى تۇرۇپ: 'ھوي پالانى ئاخشام مۇنداق ـ مۇنداق قىلىقسىز ئىشلارنى قىلدىم' دەپ ئاللاھ يوشۇرغان بۇ ئىشنى ئاشكارىلىشىدۇر**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

27. بىز مۇسۇلمانلار ئىلىمسىز، نادان، جاھىل، تەرسا كىشىلەر بىلەن ئېلىم ـ بېرىم مۇئامىلە قىلىشقاندا، بىرەر مەسىلىدە مۇنازىرىلەشكەندە ياكى بىرەر ئىش توغرىلىق داۋالاشقاندا ئاللاھ تائالانىڭ تەۋسىيەسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ھەر ئىشتا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرماسلىقىمىز، بىر قىسىم ۋاقىتلاردا ئۇلارغا يول قويۇشىمىز، نېمەت ۋە ئامانەت قىلىپ بېرىلگەن ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇش، ئۈممەتلىرىگە ئۈلگە بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى، ئەپۇچانلىقى، مېھرىبانلىقى، سەۋرچانلىقى، چىدامچانلىقى، ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈم قىلىشى قاتارلىق خىسلەتلىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە ناھايىتى ئېسىل ئۈلگە ياراتقان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا(يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن(يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)**"{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 199 ـ ئايەت}.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**شۈبھىسىزكى، مۇلايىملىق ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇلايىم كىشىلەرگە شۇنداق مەرھەمەت قىلىدۇكى، بۇنداق مەرھەمەتنى قوپال ۋە ناچار خۇلقلۇق كىشىلەرگە ۋە باشقىلارغا قىلمايدۇ**"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىشىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**گەرچە ھەق ئۆزى تەرەپتە بولسىمۇ،**

جىدەللىشىشنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشىغا كېپىلمەن. چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ، يالغان سۆزلىمىگەن كىشىنىڭ جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشىغا كېپىلمەن. گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىنىڭ جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن جايىدىن بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشىغا كېپىلمەن" (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كېتىۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىسىدا يىرىك رەختتىن توقۇلغان نەجران تونى بار ئىدى. بىر ئەئرابى(قىرلىق ئەرەب كىشى) كېلىپ ئۇ زاتنىڭ تونىدىن سىلكىپ تارتقانىدى، تونىنىڭ ياقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بويننى سۈرتۈۋەتتى. ئۇ ئەئرابى: "ئى مۇھەممەد!(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم) يېنىڭدىكى ئاللاھ تائالانىڭ مېلىدىن بۇ ئىككى تۆگەمگە يۈكلەپ بەر" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرۇدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزەپ-نەپرىتىگە ئۇچراپ، قىيامەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىشتەك خارلىق ۋە مەھرۇملۇققا قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئاۋام خەلق بىلەن پاراڭلاشقاندا ياسالمىلىق قىلماي، ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان، چۈشىنىش بىرقەدەر قىيىن سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەي، پاساھەت-بالاغەت ۋە مەنتىق-لوگىكىغا ئۇيغۇن ھالدا چۈشىنىشلىك، خەلق تىلىغا يېقىن، ئاممىباب سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىپ ئۆز تەبئىتىمىزنى ساقلىشىمىز، سۆز گۈزەللىكىمىزگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز تولا سۆزلەپ باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى كەمتەرلىك بىلەن سۆزلەش، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلەش مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاقى كامىللىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولغىنىڭلاردۇر. قىيامەت كۈنى مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغىنىڭلار، تولا گەپ قىلىدىغان، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغان، سۆزمەنلىكنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى تولدۇرۇپ گەپ قىلىدىغانلاردۇر"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"سۆز-ھەرىكەتتە چوڭقۇرلىشىپ كەتكەنلەر، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولىدۇ"** دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

28. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەجىر-ساۋابىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ساقسىز بولۇپ قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى يوقلاپ قويۇشىمىز لازىم. ئىسلام دىنىمىز مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىك ئەمەللەر، ياخشى ئىشلارغا بىنائەن ئۆزئارا ياردەم قىلىشنى، ھەمكارلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولۇپ، كېسەللەرنى يوقلاش مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى ئۈستىدىكى ئەستايىدىل، تولۇق ئادا قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ھەققى ئامانىتى. بۇ ھەققە رىئايە قىلىش مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا ئۆزئارا دوستلۇق، مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئىجىل-ئىناقلىق ئېلىپ كېلىدۇ، قېرىنداشلىق رىشتىلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئاللاھ تائالا كېسەل يوقلىغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى ئەجىر-ساۋاب بېرىشكە كېپىللىك بەرگەن. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئاللاھ تائالاغا موھتاج بولىدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان ۋە ياردەم قولىنى سۇنغان كىشىگە ئاللاھ تائالا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى تۆۋەندىكىدەك 7 ئىشقا بۇيرۇدى: 1)كېسەل يوقلاشقا؛ 2)جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بېرىشقا؛ 3)كىشى چۈشكۈرۈپ 'ئەلھەمدۇلىللاھى' دېگەن كىشىگە 'يەرھەمۇكەللاھ' دەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا؛ 4)قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى(گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا قەسەم ئىچمىگەنلا بولسا) قەسىمىنى ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىشكە؛ 5)زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشكە؛ 6)چاقىرغان يەرگە

بېرىشقا؛ 7)سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى: 'ئى ئادەم بالىسى، مەن ئاغرىپ قالسام، مېنى يوقلىمىدىڭغۇ؟' دەيدۇ. ئادەم: 'ئى رەببىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداقمۇ يوقلاي؟' دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: 'بىلمەمتىڭ، مېنىڭ پالانى بەندەم ئاغرىپ قېلىۋىدى، ئۇنى يوقلىمىدىڭ، ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، ئۇنىڭ يېنىدىن مېنى چوقۇم تاپاتتىڭ؟!' دەيدۇ"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"بىر مۇسۇلمان يەنە بىر ساقسىز مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلاپ بارسا، تاكى قايتقۇچە جەننەتنىڭ خۇرۇفلىرى ئىچىدە بولىدۇ"** دېدى. "جەننەتنىڭ خۇرۇفلىرى دېگەن نېمە؟" دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"جەننەتتە ئۈزۈلىدىغان مېۋىلەر"** دېدى (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلمان كىشى ئەگەر كېسەل قېرىندىشىنى بىرەر ئۈزرە تۈپەيلىدىن يوقلىيالمىسا، باشقىلاردىن ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇش لازىم. چۈنكى كېسەل كىشى بۇنى ئاڭلىسا كۆڭلى ئېچىلىپ خۇرسەن بولۇپ قالىدۇ. كېسەل كىشىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سورالغان كىشىمۇ سورىغان كىشىگە خۇشال قىلىدىغان ۋە خاتىرجەم قىلىدىغان سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىشى لازىم.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەللىك مەزگىلىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن چىققۇدى، كىشىلەر: "ئى ھەسەننىڭ دادىسى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟" دەپ سورىۋىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئاللاھ تائالاغا شۈكرى ياخشى بولۇپ قالدى" دېدى(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

كېسەللەرنى يوقلاپ كىرگىنىمىزدە كېسەل كىشى تەلەپ قىلمىسىلا ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇپ ئۇنى چارچىتىپ قويماسلىقىمىز، بەلكى ئۇلارغا ياقىدىغان ياخشى سۆز، خۇشال قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىشىمىز، ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ پات ئارىدا كېسەلدىن ساقىيىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ روھى ھالىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ شىپالىق بېرىشىنى تىلەپ(ئەڭ ياخشىسى كېسەلنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ) شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشىمىز ۋە ئۇلاردىن ئۆزىمىزگە دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەئرابىنى يوقلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرسىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كىرسە: **"كېرەك يوق، ئاللاھ تائالا خالىسا بۇ كېسەللىك گۇناھلارنى پاكلىغۇچىدۇر"** دەيتتى(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

سەئد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يوقلاپ كىرىپ: **"ئى ئاللاھ! سەئدكە شىپالىق بەرگىن، ئى ئاللاھ! سەئدكە شىپالىق بەرگىن، ئى ئاللاھ! سەئدكە شىپالىق بەرگىن"** دېدى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كېسەل يوقلاپ كىرگەن چېغىڭلاردا ئۇلاردىن ئۆزۈڭلارغا دۇئا قىلىپ قويۇشنى سوراڭلار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇئاسى(يەنى ئىجابەت بولۇشتا) پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىغا ئوخشاش"**(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

قىسقىسى، بىز كېسەللەرنى يوقلاپ كىرگەندە ئۇنىڭ يېنىدا پايدىسىز، ئەھمىيەتسىز گەپ-سۆزلەرنى كۆپ قىلماستىن، بەلكى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىش، ياردەم، شىپالىق تەلەپ قىلىش ۋە ھەممە ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشتەك ئەقىدىۋى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇئالارنى كۆپ ئوقۇپ بېرىشىمىز لازىم.

**29**. بىز مۇسۇلمانلار قېرىنداشلىرىمىز ئېرىشكەن شان-شەرەپ، شاد-خۇراملىققا، قولغا

كەلتۈرگەن پايدا ـ مەنپەئەت، نەتىجە ـ ئۈنۈملەرگە چىن دىلىمىزدىن سۆيۈنۈپ خۇرسەن بولۇشىمىز، تەبرىكلەپ قۇتلۇقلىشىمىز، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك بالا ـ قازا، غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەم، زىيان ـ زەخمەت، يوقسۇزلۇق، كېسەللىك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق كېلىشمەسلىك مۇسىبەتلىرىگە تەسەللىي بېرىش بىلەن بىرگە تەڭ قايغۇرۇپ، ئۇلارغا بولغان قېرىنداشلىق مېھرىمىزنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز، ھەرگىز خۇرسەن بولۇپ شادلانماسلىقىمىز، ئىمكانىقەدەر قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار(يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى(يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق(مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ(مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: 'پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن' دەيدۇ"**{سۈرە«ھەشر»(59 ـ سۈرە)، 9—10 ـ ئايەتلەر}.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى قىيىنچىلىقتا قالغان بىر ئادەمگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ياكى ئۇنىڭغا كىيىم كىيدۈرۈپ قويسا ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، ياكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇ كىشىگە كىيىم كىيگۈزىدۇ، بەندە قېرىندىشىغا يار-يۆلەكتە بولسىلا ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىگە يار-يۆلەكتە بولىدۇ، كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىغا كىرسە ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ"**(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **"ئىنسان ئۆز بەدىنىدىكى ھەربىر ئۇگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ھەر كۈنى سەدىقە بېرىپ تۇرۇشى لازىم، بىر كىشىنىڭ ئۇلاغقا مىنىشىگە ياردەملەشسە ياكى ئۇنىڭ يۈك-تاقلىرىنى ئارتىشىپ بەرسە، بۇ ئىش ياردەملەشكۈچى ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. ياخشى سۆزمۇ، ناماز ئوقۇشقا ماڭغان ھەربىر قەدەممۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. كىشىگە يول كۆرسىتىپ قويۇشمۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ"**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قېرىندىشىڭنىڭ بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىكتىن خۇرسەن بولۇپ كەتمىگىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ، كېلىشمەسلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، سېنى كېلىشمەسلىككە ئۇچرىتىپ قويمىسۇن يەنە"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

30. قەلبىمىزنى ئۆچمەنلىك، ھەسەت، ئاداۋەت، كىبىر، تەمەننا قاتارلىق مەنىۋى ۋابا كېسەللىكلىرىدىن تەلتۆكۈس پاكلىشىمىز، ئۆزئارا دوستانە، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشىمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى بۇرادىرىمىزگىمۇ ياخشى كۆرۈشىمىز لازىم. چۈنكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ۋە قىزىققان ياخشىلىق، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ دالالەت قىلىش، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق، مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشقا نەسىھەت قىلىش، توغرا تەكلىپ ـ پىكىر، ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىش مۇسۇلماننىڭ ئىمانى كامىل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىمان ـ ئېتىقادىنىڭ نەتىجىسى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن(دىندا) قېرىنداشلاردۇر"**{سۈرە«ھۇجۇرات» (49 ـ سۈرە)، 10 ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشى: "ماڭا نەسىھەت قىلغىن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئاچچىقلانمىغىن"** دېدى. ئۇ كىشى سۆزىنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا: **"ئاچچىقلانما"** دەپ جاۋاب

بەردى(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”سىلەردىن قانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن مۇسۇلمانى كامىل ھېسابلىنىدۇ“**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كېچىسى مەدىنەدە بىر ئۆي ئائىلىدىكىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”شۈبھىسىزكى، ئوت سىلەرگە دۈشمەندۇر. سىلەر ئۇخلىغاندا ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار“** دېدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**31**. ئىسلام دىنىمىزدا ھايالىق، ئىپپەتلىك، نومۇسچان بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھايا ئىسلامدىكى بۈيۈك خىسلەت، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى، گۈزەل ئەخلاقى پەزىلىتى بولۇپ، بەندىنى يامان ئىش ـ ھەرىكەت، گۇناھلىق قىلمىشلاردىن توسۇپ، تائەت ـ ئىبادەتكە يېتەكلەيدۇ. ئۆز ساھىبىغا ئەجىر ـ ساۋاب، كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھايا ئىككى ئالەملىك مالامەتكە قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىدۇ، ئەيىب ـ نۇقسان، يامان نام ـ لەقەملەر بىلەن ئاتىلىپ قېلىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”شەرم ـ ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ“**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”بىھايالىق كىشىنى سەت كۆرسىتىدۇ، نومۇسچانلىق كىشىگە ھۆسن قوشىدۇ“**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ھايا ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان جەننەتكە مەنسۇپتۇر، ئەدەپسىز سۆز قوپاللىقتۇر، قوپاللىق دوزاخقا مەنسۇپتۇر“**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ھايالىقتۇر، سېخىدۇر، كىشى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرسە ئاللاھ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى قۇرۇق، ئۈمىدسىز قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ“**(ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى ھېسابلىنىدىغان تۆت تۈرلۈك ئىش بار، ئۇلار ھايالىق بولۇش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، مىسۋاك ئىشلىتىش ۋە ئۆيلىنىشلەردىن ئىبارەت“** (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئانىسى ھايا ـ ئىپپەتتۇر. بىر ئادەمدە ئەگەر ھايا بىلەن ئىپپەت بولسا، گۈزەل خۇلقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا تېپىلغان بولىدۇ. تەكەببۇرلۇق قىلىش، يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى تېپىپ چىقىپ، خەلق ئىچىگە تارقىتىش، پىتنە ـ پاسات قوزغاش، كىشىلەر ئارىسىنى بۇزۇش، سۇخەنچىلىك قىلىش، نومۇسسىز بولۇش، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، مېھماندارچىلىق، سۆھبەتلىشىش ئەدەپ ـ قائىدىلىرىگە ئېتىبارسىز قاراش ھاياسىزلىق ھەم ئىپپەتسىزلىكتۇر. ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كىشى ھايادىن ئىبارەت چەكلىگۈچى ئامىلدىن ئايرىلغاچقا، ھالال ـ ھارام، توغرا ـ خاتا، ھەق ـ باتىلنى ئايرىماي ھەممە ئىشنى قىلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدۇ، تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ ـ دە، ئاخىرىدا زىيان تارتىپ، ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئەگەر ئۇيالمايدىغان بولساڭ، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن، دېگەن سۆز ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرگە ئېيتىپ قالدۇرغان سۆزلىرىدىندۇر“**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزا مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)




شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## سۈرە «ياسىن» نىڭ تەپسىرى

### 【''يس''(ياسىن)نىڭ تەپسىرى】

''ياسىن'' دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇفەسسىر ئۆلىمالار ئوخشىمىغان قاراشتا بولۇشتى. ئۇلاردىن بىر تۈركۈم مۇفەسسىرلەر ''ياسىن'' دېگەن بۇ سۆز مۇشۇ سۈرىنىڭ ياكى قۇرئاننىڭ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر بۆلۈك مۇفەسسىرلەر بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ''ئى ئادەم، ئى ئىنسان!، دېگەن بولىدۇ'' دەپ قارايدۇ. يەنە بىر تۈركۈم مۇفەسسىرلەر بۇ سۆز بىر ئىسىم بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرىدۇر، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ سۆز قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى، ئەمما ئۇ ئىنسانغا يۈزلەندۈرۈلۈش ئېتىبارى بىلەن ئىنسانلار تىلىدا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان، ''يا'' بىلەن ''سىن'' ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ئىككى ھەرپ، ئاشۇ ئىككى ھەرپ قالغان 28 ھەرپكە ۋەكىل قىلىنغان بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئەنە شۇ ''يا'' بىلەن ''سىن''غا ئوخشاش ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان ئەرەب ئېلىپبەسىدە نازىل قىلىنغان، يەنى ''ئى ئىنسانلار بىز قۇرئان كەرىمنى سىلەرنىڭ تىللىرىڭلاردا نازىل قىلدۇق، ئۇنى سىلەر چۈشىنەلەيسىلەر''، دېگەندەك مەنە بېرىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ سۆز ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك قاراش شۇكى، بۇ سۆز بىر قىسىم سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ئۈزۈك ھەرپلەرنىڭ قوشۇلمىسىغا ئوخشاش ''يا'' بىلەن ''سىن''نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان سۆزدۇر. ئۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئاللاھ بۇنداق مەنىسى مۇتەشابىھ① سۆزلەرنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلغانلىقىنى، يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ''يا'' بىلەن ''سىن''غا ئوخشاش ئەرەب ئېلىپبەسىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكىنى، بۇنداق

قۇرئان كەرىم تەپسىرى

---

*بېشى ئۆتكەن ساندا.

①مۇتەشابىھ — مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدىغان، ئىنسانلارغا نىسبەتەن مەنىسى ئېنىق بولمىغان ئايەت-ھەدىسلەر ياكى ئايەت-ھەدىسلەردىكى مەلۇم سۆز-جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ، — ئا.

كىتابنى كەلتۈرۈش پەقەت ئاللاھنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماق تەس ئەمەس.

"يا" بىلەن "سىن"غا ئوخشاش ئۈزۈك ھەرپلەر قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قىسىم سۈرىلىرىنىڭ باش قىسمىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: "**ئەلىف، لام، مىم**"{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت}، "**كاف، ھا، يا، ئەيىن، ساد**"{سۈرە«مەريەم»(19 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت}. . .قاتارلىقلار.

**【"وَالْقُرْآنِ الْحَكِيمِ * إِنَّكَ لَمِنَ الْمُرْسَلِينَ * عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ"[ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) شەك-شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن، توغرا يولدىسەن]نىڭ تەپسىرى】**

ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئايەتتە قۇرئان كەرىم بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەر جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق تەكىتلەشنىڭ مەلۇم سەۋەبى ۋە ئامىلى بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى مۇشرىكلار: "**سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن**"{سۈرە«رەئد»(13 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت}، دەپ ئىنكار قىلغان. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى ئىنكار قىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى تەكىتلەشنىڭ سەۋەبىدۇر. قۇرئان كەرىم ھېكمەتلىك كىتابتۇر. بۇ كىتابنىڭ ھېكمەتلىك بولۇشى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى بولغانلىقىدا. ئەلۋەتتە، ھېكمەتلىك كىتابتا كۆرسىتىلگەن ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ۋە ھۆكۈملەر ھەق ۋە راستتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى، يەنى پەيغەمبەرلىكى قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ۋە ھۆكۈم بولغاچقا، ئۇ ھەقىقەتتۇر. يەنى "**(ئى مۇھەممەد!) شەك-شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن**" دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى جاكارلىغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا "عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ"(**توغرا يولدىسەن**) دەپ مۇشۇ مەنىنى تەكىتلىگەن.

"عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ"(**توغرا يولدىسەن**) دېگەن بۇ تولۇقسىز جۈملە ئۇيغۇرچىغا ئالدىدىكى ئايەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغانچقا، تولۇق بىر جۈملىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئەرەب تىلى شارائىتىدا گىرامماتىكىلىق تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭدىن "**توغرا يولدا**"دېگەن مەنە چىقىدۇ. ھەمدە بۇ سۆز "**(ئى مۇھەممەد!) شەك-شۈبھىسىزكى، سەن ....**" دېگەندىكى "سەن" نىڭ ئىككىنچى خەۋىرىدۇر. بىرىنچى خەۋىرى بولسا، "**پەيغەمبەرلەردىنسەن**" دۇر. يەنى "**توغرا يولدىسەن**" دېگەن بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىنكى پەيغەمبەرلىكىنىڭ تەبىئىتى ۋە تەقەززاسى بولمىش توغرىلۇق، دۇرۇسلۇقنى بايان قىلغان ئىككىنچى خەۋەردۇر. تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئالدىنقى ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى، يەنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەردىن ئىكەنلىكىنى جاكارلاشتىن ئىبارەت بولسا، بۇ ئايەت رىسالەتنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتى بولغان توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇقنىڭ بايانىدۇر. بۇ توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇقنىڭ رىسالەتنىڭ خاراكتېرى ئىكەنلىكىنى، رىسالەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقەتنىڭ ناھايىتى روشەن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا گۇڭگىلىق ۋە خىرەلىكنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدا خىيالى تۇيغۇ ۋە نەپسىي خاھىش تەسىرىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ئىزدىگەن كىشى ئۇنىڭ ناھايىتى ئاسان، ئىنچىكە، ساپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. رىسالەت ئۆزى توغرا ۋە دۇرۇس بولغانلىقى ئۈچۈن ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىگىكلىك، تەرتىپسىزلىك يوق. ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە ئوچۇق، ئۇنىڭ بايانلىرىدىن ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلگىنى يوق ھەم مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ. رىئاللىقتا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ ـ نىزالار ئۇنىڭدىكى بايانلارنىڭ مۈجمەللىكىدىن ئەمەس، ئۇنى تەدبىقلىغۇچىلارنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ خاتا ئىجتىھاد قىلغانلىقىدىن بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بۇ سۈرىدىن باشقا، سۈرە«بەقەرە»نىڭ 252 ـ ئايىتىدە مۇنداق جاكارلانغان: "**بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئەلۋەتتە(ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن) پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىسەن**".

**【''تَنْزِيلَ الْعَزِيزِ الرَّحِيمِ * لِتُنْذِرَ قَوْماً مَّا أُنْذِرَ آبَاؤُهُمْ فَهُمْ غَافِلُونَ'' (قۇرئان ئاتا-بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان (يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلمىگەن)، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر)نىڭ تەپسىرى】**

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە قۇرئان كەرىم بىلەن قەسەم قىلدى، ئۇنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىمنىڭ ھېكمەتلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلدى، مۇشۇ ھېكمەتلىك كىتابنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنىڭ دەستۇرى قىلدى. مانا بۇ رىسالەتنىڭ دەستۇرى بولغان ''**قۇرئان ئاتا-بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان (يەنى ئۇلارغا پەيغەمبەر كەلمىگەن)، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىندى**'' يەنى بۇ قەۋمنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلدى، بۇ قەۋمدىن باشقا قەۋملەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلدى. لېكىن، ئىسا ئەلەيھىسسالام توغۇلۇپ 569 يىل ئۆتكەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلدى[1]. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۈچ پەيغەمبەر ئەۋەتىلدى[2]، شۇنداق قىلىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى ئارىلىقىدا 434 يىل پەيغەمبەرسىز ئۆتتى[3]. ئەمما، ئىنسانلاردىن، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەقىدە روھى بىلەن مېڭىش تەلەپ قىلىنىدى. زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ، يەنى ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ بەزىسى ئۆزلىرىدىن كېيىنكى يېڭى شەرىئەتلەرنى ئېتىراپ قىلماي مېڭىۋەردى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى ئارىلىقىدا پەيغەمبەرسىز ئۆتكەن 434 يىلدىمۇ ئوخشىمىغان شەرىئەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. لېكىن بۇ شەرىئەتلەر ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ھەر خىل مەقسەتلەر بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل شەرىئەتلەرنىڭ ئەقىدىلىرى، پىرىنسىپلىرى، ئۆلچەملىرى، ئەخلاقىي مىزانلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئىنسانىيەت يەنىلا ئۆزىنىڭ فىترىتى[4] بىلەن يېڭى بىر نىزامغا، سۈزۈك بىر ئەقىدىگە، گۈزەل بىر ئەخلاققا، چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە تولىمۇ تەشنا بولدى. ئەمما يولدىن چىققان، ئازغۇنلۇق ۋە بۇزۇقلۇقنىڭ، قانۇنسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ قاتمۇقات قاتلاملىرىنىڭ ئاستىدا قالغان، ئۆزىنىڭ ساغلام فىترىتى ۋە تەبىئىتىنى بۇزغان ۋە يوقاتقان ئىنسانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شېرىك ئەقىدىسىنى مۇستەھكەم قوغدىدى. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش، كىشىلەرنى كۇپرى ۋە شېرىك زۇلمەتلىرىدىن ئىمان ۋە تەۋھىد نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ: ''**ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) شەك-شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن**'' دەپ پۈتۈن ئەھلى جاھانغا جاكارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ئاللاھ تائالا ''رەھمەت'' دەپ ئاتىدى: ''**(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق**''{سۈرە «ئەنبىيا» (21 - سۈرە)، 107 - ئايەت}. مانا بۇلار ''**...ئاتا-بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان قەۋم...**'' نىڭ مەنىسىدۇر. ''**غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر**'' نىڭ مەنىسى شۇكى، ئاشۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت غەپلەتتە قالغان قەۋملەرنى قۇرئان كەرىم بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا نازىل قىلىنغان ۋەھىينىڭ ھەقىقىتىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىرادە قىلغىنىنى قىلىدىغان، ھەممە ئىشلاردا غالىب زات ئىكەنلىكىنى،

---

[1] ئىمام شەۋكانىينىڭ «فەتھۇلقەدىر» ناملىق تەپسىرىگە قارالسۇن.

[2] مۇشۇ سۈرىنىڭ 14 - ئايىتى كۆزدە تۇتىلىدۇ، بۇ ئۈچ پەيغەمبەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى يەتكۈزىدىغان پەيغەمبەرلەر بولۇپ، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[3] ئىمام سۇيۇتىينىڭ «ئەددۇررۇل-مەنسۇر» ناملىق تەپسىرىگە قارالسۇن، - ئا.

[4] فىترەت — ئەسلىي تەبىئەت دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنسان تۇغۇلىشىدىلا ئىسلام فىترىتىدە، يەنى ئىسلامىي ئاڭ بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلالايدىغان تەبىئەتتە تۇغۇلىدۇ. ئىسلام ئىنساننىڭ ئەسلىي خاراكتېرىدۇر، - ئا.

شۇنداقلا ئۇزىنىڭ خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، يەنى ئاللاھ ئۆزى قىلىدىغان ئىشلاردا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە رەھمەت ۋە مېھرىبانلىقنى ئىرادە قىلىدىغان زات ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بىز يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئىنسانلارنى ئازابلىمايدىغانلىقنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ نۇقتا يەنە سۇرە «بەنى ئىسرائىل»نىڭ 15 ـ ئايىتىدە **"پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ(ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق"** دەپ ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

【"لَقَدْ حَقَّ الْقَوْلُ عَلَى أَكْثَرِهِمْ فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ"**[ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە(ئازاب توغرىسىدىكى) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ]**نىڭ تەپسىرى】

ئاللاھ تائالانىڭ ئەرەب مۇشرىكلىرى ۋە بارلىق ئەھلى شېرىككە چىقارغان جازالاش ۋە ئازابلاش ھۆكمى ھەقىقەتەن ئادىلدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئازابلايدۇ؟! چۈنكى، ئۇلار ياراتقان ئىگىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونىمىدى. ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئىنسانىيەتنى شېرىك زۇلمەتتىن ئىمان نۇرىغا چىقىرىپ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەقىقىي بەختكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر — ھېكمەتلىك قۇرئانغا ئىشەنمىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالا **"(ئى مۇھەممەد!) شەك-شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن"** دەپ جاكارلىغان پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئاللاھ تائالا **"توغرا يولدىسەن"** دەپ تەرىپلىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭغان توغرا يول — ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ھېكمەتلىك قۇرئاننىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئاتا ـ بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان، غەپلەتتە قالغان قەۋملەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىرادە قىلغىنىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان غالىب، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدا بەندىلىرىگە رەھمەت ۋە مېھرىبانلىقنى ئىرادە قىلىدىغان ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭ غالىبلىق ۋە مېھرىبانلىق سۈپىتىنى يوققا چىقاردى. ئۇلار يۇقىرىقىدەك خاھىشلىرى ۋە ئەتمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندىن ئىبارەت مۇقەددەس كىتابىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە، غالىب ۋە مېھرىباندىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىشەنمىدى. ئۇلار ئىشەنمىگەن يۇقىرىقى ئۈچ ئەركان(ئاساس) ئىماننىڭ ئالتە رۇكنىنىڭ ئىچىدىكى ئەركانلارنىڭ نىسپى، يەنى ئىماننىڭ يېرىمىغا تەڭ بولۇپ ئىماننىڭ قايسى بىر رۇكنىغا ئىشەنمىسە، ئىماننىڭ ھەممە رۇكنىغا ئىشەنمىگەن بىلەن بارابەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئەزەلدە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولغاچقا، ئۇلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئادەت ۋە قانۇنىيەتتە ھەرقانداق گۇناھنىڭ جازاسى بولىدۇ. ئەمما ھەرقانداق گۇناھ سۇرە«زۇمەر»(39 ـ سۇرە)نىڭ 53 ـ ئايىتىدە: **"(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن(خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر"** دەپ كۆرسىتىلگەندەك سەممىي تەۋبە بىلەن مەغپىرەت بولىدۇ.

**"ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە(ئازاب توغرىسىدىكى) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ"** دېگەن بۇ ئايەتنى **"پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى ھۆكمى ھەقلىق بولدى. ئۇلار(ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) ئىمان ئېيتمايدۇ"**{سۇرە «يۇنۇس»(10 ـ سۇرە)، 33 ـ ئايەت}، دېگەن ئايەت تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

【"إِنَّا جَعَلْنَا فِي أَعْنَاقِهِمْ أَغْلاَلاً فَهِيَ إِلَى الأَذْقَانِ فَهُم مُّقْمَحُونَ * وَجَعَلْنَا مِن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ سَدّاً وَمِنْ خَلْفِهِمْ سَدّاً فَأَغْشَيْنَاهُمْ فَهُمْ لاَ يُبْصِرُونَ"**[بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ(يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ). ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار(ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ"**نىڭ تەپسىرى】

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ھېكمەتلىك قۇرئانغا، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرۋەرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، غالىبلىق ۋە مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىشەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ ئايەتتىمۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئىزچىل بايان قىلىنىپ، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئىگەكلىرىگىچە تاقاق سالغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئوخشاشلا توسۇق قويغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلەپ قويغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۇپرى ۋە شېرىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. دەرۋەقە ئىنسانغا ھەقىقەت تەڭلەنسە، ئۇ شۇ ھامان ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۇنى قوبۇل قىلالىسا، ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئاسانغا توختايدۇ. ئەكسىچە ھەقىقەتتىن بويۇن تولغاپ باتىل ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ جاھىللىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. جاھىللىق قىلغانسېرى ھەقىقەتتىن شۇنچە يىراقلايدۇ. بويىندا تاقاق بولغاچقا پەسنى، ماڭار يولىنى كۆرەلمەيدۇ. بويىنغا تاقاق سېلىنغان ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە توسۇق بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزى پەردىلەڭلىك بولسا، ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىشى، ئالدى ـ كەينىگە توسۇق قىلىشى، كۆزىنى پەردىلىشى ئۇلارنىڭ قۇرئاننى، پەيغەمبەرنى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەت يولىغا ماڭمىغانلىقىدىن بولغان. چۈنكى، ئاللاھ ھىدايەتنى خالىمىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. بۇ نۇقتا **"ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىمانىنىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ"**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 7 ـ ئايەت}، دېگەن ئايەتتىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

【"وَسَوَاء عَلَيْهِمْ أَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لاَ يُؤْمِنُونَ"**[ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ]نىڭ تەپسىرى**】

بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنغان، ئالدىغا ھەم كەينىگە توسۇق قويۇلغان، كۆزلىرى پەردىلەنگەن ئاشۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ، يەنى ئۇلارغا دەۋەت قىلىشنىڭ پايدىسى يوق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىمانغا رايى يوق، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ فىترىتىنى بۇلغىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى قۇرئاننى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى، ئاللاھنىڭ غالىبلىقى ۋە مېھرىبانلىقىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئۆلگەن بولۇپ ھېچقانداق نەرسە تەسىر قىلماس بولۇپ قالغان.

ئاللاھ تائالا ئىمان كىرمەيدىغان، ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمايدىغان قەلبلىرىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى بىلگەچكە، ئۇلار ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا **"ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ"** دەپ خىتاب قىلدى. چۈنكى، ئاگاھلاندۇرۇش ئەسلىدە ئۆلگەن قەلبلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ، ئەمما تىرىك قەلبلەرنى ئويغىتالايدۇ. دەۋەتنى قوبۇل قىلمىغان قەلبكە ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئامالى يوق. ئاللاھ تائالامۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان ئادەمنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇ نۇقتا يەنە سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)نىڭ 6 ـ ئايىتىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: **"شۈبھىسىزكى، كۇففارلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ"**.

【"إِنَّمَا تُنذِرُ مَنِ اتَّبَعَ الذِّكْرَ وَخَشِيَ الرَّحْمَن بِالْغَيْبِ فَبَشِّرْهُ بِمَغْفِرَةٍ وَأَجْرٍ كَرِيمٍ"**[سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، مەرھەمەتلىك ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن (يەنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭنىڭ پايدىسى بولىدۇ)، ئۇنىڭغا (ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى) مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئېسىل ساۋاب (يەنى جەننەت ئاتا قىلىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن]" نىڭ تەپسىرى**】

ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا قۇرئاننى، پەيغەمبەرنى، ئاللاھنىڭ"غالىب" ۋە "مېھرىبان"غا ئوخشاش گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ

بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنغان، ئالدى ـ كەينىگە توسۇق قويۇۋالغان، كۆزلىرىگە پەردە قىلىۋالغان كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ، دەۋەت قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇ ئايەتتە ئاگاھلاندۇرۇش ۋە دەۋەت قىلىشنىڭ پەقەت قۇرئاننىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىغا، ھۆكۈم ـ ئەھكاملىرىغا بويسۇنىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان ياكى ئەمەل قىلىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە، شۇنداقلا بەندىلىرىنى تاشلىۋەتمەي ئۇلارغا چەكسىز مېھرىبانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھ تائالانى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ھەمدە مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ دەۋەتتىن مەنپەئەتلەنگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە رەھمىتى بىلەن گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى ۋە كاتتا ئەجىر ـ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىشكە ئەرزىيدىغانلىقى زىكرى قىلىنغان. بۇ نۇقتا سۈرە «فاتىر»(35 ـ سۈرە)نىڭ 18 ـ ئايىتىدە مۇنداق يورۇتۇلغان: **”... سەن پەقەت پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرىسەن...“**.

ئىمام شەۋكانى[1] بۇ ئايەتتىكى **”ئېسىل ساۋاب“**نى جەننەت دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ، قۇرئانغا ئەگەشكەن، مەرھەمەتلىك ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەييىد تەنتاۋى[2] بۇ ئايەتتىكى **”ئېسىل ساۋاب“**نى مىقدارىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ساۋاب، دەپ تەپسىر قىلغان.

بۇ يەردىكى مەغپىرەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققان كىشىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھلىرىغا قارىتىلغان. قۇرئانغا ئەگىشىش بىلەن ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ قورقۇش قەلبتە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىشىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇش قەلبتە پەقەت ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئەمەل قىلىش ۋە قۇرئان كۆرسەتكەن يولدا مېڭىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەنانى ئاللاھ تائالانىڭ **”سەن پەقەت پەرۋەردىگارىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلارنى، نامازنى ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرىسەن“**{سۈرە «فاتىر»(35 ـ سۈرە)، 18 ـ ئايەت} دېگەن كالامى يەنمۇ تەكىتلەيدۇ.

**【”إِنَّا نَحْنُ نُحْيِي الْمَوْتَى وَنَكْتُبُ مَا قَدَّمُوا وَآثَارَهُمْ وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ فِي إِمَامٍ مُبِينٍ“[بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ(دۇنيادا) قىلغان(ياخشى-يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە(يەنى لەۋھۇلمەھفۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز]نىڭ تەپسىرى】**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ غەپلەتتە قالماسلىقى ۋە ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ، جازا ـ مۇكاپاتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. يەنى ئاللاھ تائالا شۈبھىسىزكى، ئۆلگەنلەردىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇلارنى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە ئاساسەن، جازالاش ۋە مۇكاپاتلاش ئۈچۈن تەڭداشسىز قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنى تىرىلدۈرۈپ ئىككىنچى ھاياتلىققا چىقىرىدىغانلىقىنى مۇتلەقلەشتۈردى.

بۇ ئايەت ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشتىن ئىبارەت ئىماننىڭ ئالتە ئاساسى ئىچىدىكى بىر ئاساسىنى دەلىللەپ، ئىسلام ئەقىدىسىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ، مۇبادا، بىر ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئەقىدىۋى ۋە ئەھكامىي مەسىلىلىرىگە ئەمەل قىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمىسە، ئۇ ئادەم ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئەقىدىسى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇ بۆلۈنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. قايتا تىرىلىش فۇرۇئات، يەنى ئىسلامنىڭ ئىككىلەمچى مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئۇسۇل. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامنىڭ

---

① ئىمام شەۋكانى(1760 — 1834م) ـــ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا شەۋكانىي. يەمەننىڭ شەۋكان دېگەن يېرىدىن، كاتتا فەقىھ، مۇجتەھىد، مۇفەسسىر ئالىم، ئۇنىڭ ”فەتھۇلقەدىر“ ناملىق مەشھۇر تەپسىرى بار.

② سەييىد تەنتاۋى (1928 — 2010م) ـــ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق شەيخى. ئۇنىڭ «ئەلۋەسىت» ناملىق 12توملۇق تەپسىرى بار، ـ ئا.

بىرلەمچى، پىرىنسىپال مەسىلىلىرىنىڭ بىرىدۇر، يەنى ئىمان ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ بارلىق ياخشى ـ يامان ئەتمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى روشەن دەپتەر ــــ لەۋھۇلمەھفۇزغا خاتىرىلەپ قويىدىغانلىقى ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ تەقەززاسى ۋە مۇقەررەر تەلىپى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشى، ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى خاتىرىلىشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزلىرىنىمۇ خاتىرىلىشى، ئالەمدە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنى، شەيئىلەرنى روشەن دەپتەر ــــ لەۋھۇلمەھفۇزغا پۈتۈپ قويىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت مۇھىم ئىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىشىلەرنىڭ ماڭغان قەدەم ئىزلىرى، تىنغان تىنىقلىرى ھەتتا كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ خاتىرىلىنىشى ــــ مەۋجۇدىيەتتە ھېسابسىز ئىشنىڭ يوقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەتتە، دۇنيا ـ تۇرمۇش ئىشلىرىدىمۇ ھېساب بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى، يەنى ھېچكىمنىڭ ھېسابسىز تىجارەت قىلمايدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ئايەت بەنى سەلەمە جەمەتى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، جامائەت نامىزىغا كۆپرەك قاتنىشىپ تېخىمۇ كۆپلەپ ساۋاب ئېلىش مەقسىدىدە ئۇلار ئۆز مەھەللىرىنى تاشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلمەكچى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆز مەھەللىرىدىن كۆچۈپ كەلمەسلىكنى جېكىلەپ: **"ئى بەنى سەلەمە جامائەسى! جايىڭلاردىن يۆتكەلمەڭلار، باسقان قەدەمڭلارنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلاپ ئۇلارنىڭ ئۆز مەھەللىرى بىلەن مەسچىت ئارىلىقىدا ماڭغان قەدەم ئىزلىرىغا ئاللاھنىڭ ئەجىر ـ ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ ئايەت مۇشۇ خاس سەۋەب بىلەن نازىل بولغان بولسىمۇ ھەرقانداق ياخشى ـ يامان ئىشنى خاتىرىلەپ قويۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي سەۋەب ۋە ئومۇمىي ئەھۋاللارغا تەبىقلىنىدۇ.

لەۋھۇلمەھفۇز مەسىلىسى ئىسلام ئەقىدىۋى مەسىلىلىرى ئىچىدىكى "ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشىنىش ۋە قورقۇش" دېگەندەك غەيب (كۆرمىگەن) كە ئىشىنىش مەسىلىسىگە ياتىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. تارىختا نۇرغۇنلىغان قاراشتىكى فىرقە[1] لەر بۇ مەسىلىگە سەل قارىغان ياكى ئىشەنمىگەن ياكى باشقىچە تەئۋىل[2] قىلغان.

بىز بۇ ئايەتنىڭ قىيامەتنىڭ، يەنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىنىڭ دەلىلى بولغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنىڭ، ئۇنىڭ رىسالىتىنىڭ ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئوچۇق دەلىلى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋالالايمىز.

بىز بۇ ئايەتنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەن ئىزاھلاپ ئۇنىڭ تەپسىرىنى تېخىمۇ ئوچۇق يورۇتۇشقا تىرىشىمىز: **"كۇففارلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: 'ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر'"** {سۈرە «تەغابۇن» (64 ـ سۈرە)، 7 ـ ئايەت}؛ **"ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە-ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ"** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17 ـ سۈرە)، 13 ـ ئايەت}؛ **"... ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر"** {سۈرە «جىن» (72 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}.

---

[1] فىرقە ــــ "مەزھەپ، گۇرۇھ" دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاساسەن فىقھىي مەزھەپكە ئەمەس، ئەقىدىۋى مەزھەپكە قوللىنىلىدۇ. فىقھىي مەزھەپ دېگەندە ئۇسۇل، يەنى ئەقىدە ـ پىرىنسىپال مەسىلىلەردە باشقا مەزھەپلەر بىلەن ئىختىلاپى يوق، ئەمما فۇرۇئات، يەنى ئەھكام، ئىككىلەمچى مەسىلىلەرنىڭ تارماق مەسىلىلىرىدە مەلۇم ئىختىلاپى بار بولغان مەزھەپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئەقىدىۋى مەزھەپ دېگەندە، فۇرۇئات تۇگۇل، ھەتتا ئۇسۇل ـ ئەقىدە مەسىلىلەردىمۇ باشقا مەزھەپلەر بىلەن چوڭ ئىختىلاپى بار مەزھەپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ــ ئا.

[2] تەئۋىل ــــ "ئەسلىگە قايتۇرۇش، چۈشەندۈرۈش، بايان قىلىش" قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە. تەئۋىل ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، يوللۇق تەئۋىل؛ يەنە بىرى، يولسىز تەئۋىل. يوللۇق تەئۋىل دېگىنىمىز ــــ كىتاب ـ سۈننەت نەس(تېكىست)لىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە تابىئتابىئىنلار چۈشەنگەندەك چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ؛ يولسىز تەئۋىل دېگىنىمىز ــــ كىتاب ـ سۈننەت نەس(تېكىست)لىرىنى ئۆز خاھىشىغا ياكى مەلۇم مۇددىئاغا بويسۇندۇرۇپ چۈشىنىشنى ۋە چۈشەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ كۆپىنچە سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ــ ئا.

**【"وَاضْرِبْ لَهُم مَّثَلاً أَصْحَابَ الْقَرْيَةِ إِذْ جَاءَهَا الْمُرْسَلُونَ* إِذْ أَرْسَلْنَا إِلَيْهِمُ اثْنَيْنِ فَكَذَّبُوهُمَا فَعَزَّزْنَا بِثَالِثٍ فَقَالُوا إِنَّا إِلَيْكُم مُّرْسَلُونَ" [ئۇلارغا(يەنى كۇففارلارغا) شەھەر(يەنى ئەنتاكىيە) ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن(ئۇلارغا) ياردەم قىلدۇق، پەيغەمبەرلەر(ئۇلارغا): 'بىز ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ) سىلەرگە(يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز' دېدى]نىڭ تەپسىرى】**

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ ئەلچىسى—مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە ئەنتاكىيە شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىسسىسىنى، شۇنداقلا ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ بېرىشكە ئەمرى قىلىپ: "**ئۇلارغا(يەنى كۇففارلارغا) شەھەر(يەنى ئەنتاكىيە) ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن**" دەيدۇ. سەييد تەنتاۋى شەھەر ئاھالىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "بىزگە شۇ ئايانكى، ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ قارىشى توغرىغا ئەڭ يېقىندۇر. قۇرئان كەرىم شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى زىكرى قىلمىدى. چۈنكى، قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ قىسسە ۋە ئۇنىڭدىكى مىساللارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەت ۋە نەسىھەتلەرگە قارىتا بولغان"[1].

مىسال كەلتۈرۈش قۇرئان كەرىمدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇھىم بىر ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر مۇھىم ئەھۋالغا ئوخشىتىپ ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان پىكىرنىڭ ئوچۇق، جانلىق ئىپادىلىنىشىدە ئۇنۇمى ئىنتايىن ياخشى بولىدىغان ئۇسلۇبلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئايەت خۇددى "ئى پەيغەمبەر! ئەنتاكىيە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆپىرى ۋە بۇيۇنتاۋلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان ۋە ئۇچىغا چىققان مەككە مۇشرىكلىرىگە مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن! ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاھان قېتىپ قالغان ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ" دېگەندەك مەنە بېرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، مۇشرىكلارغا كېلىدىغان ئازاب ئىلگىرىكىلەرگە كەلگەن ئازابنىڭ ئەينەن ئۆزى بولمىسىمۇ ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقى جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، بۇ سۈرە بۇ شەھەرنىڭ قايسى شەھەر، بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلمىدى. بۇ ھەقتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچۈرلار بولغاچقا، مۇفەسسىرلەرنىڭ قارىشى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما مەزكۇر شەھەرنىڭ ئەنتاكىيە شەھىرى ئىكەنلىكى؛ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەنتاكىيە خەلقى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراش كۈچلۈكرەك. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مەزكۇر قىسسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى بىر ھەقىقەت ھەم كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىر ئىبرەت. بۇ شەھەر خۇددى ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنىدەك، ئەنتاكىيە خەلقىگىمۇ مۇشۇ ئايەتتە دېيىلگەندەك ئىككى پەيغەمبەر شەمئۇن بىلەن يۇھەننانى ئەۋەتكەن. ئۇلارنى شەھەر ئاھالىسى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن ئۈچىنچى پەيغەمبەر بولىسنى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارنىڭ رىسالىتىنى كۈچەيتكەن[2]. بۇ ئۈچەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى: "**بىز ھەقىقەتەن(ئاللاھنىڭ) سىلەرگە(يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز**" دېگەن. بۇ پەيغەمبەرلەر گەرچە ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق، كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان.

**【"قَالُوا مَا أَنتُمْ إِلاَّ بَشَرٌ مِّثْلُنَا وَمَا أَنزَلَ الرَّحْمن مِن شَيْءٍ إِنْ أَنتُمْ إِلاَّ تَكْذِبُونَ * قَالُوا رَبُّنَا يَعْلَمُ إِنَّا إِلَيْكُمْ لَمُرْسَلُونَ * وَمَا عَلَيْنَا إِلاَّ الْبَلاَغُ الْمُبِينُ" [ئۇلار: 'سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان ئاللاھ ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر' دېدى. ئەلچىلەر: 'پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك-شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن**

---

[1] سەييد تەنتاۋىنىڭ «ئەلۋەسىت» ناملىق تەپسىرىدىن ئېلىندى ــ ئا.

[2] شۇئەيب جۇبائىينىڭ رىۋايىتى(«ئىبنى كەسىر»دىن ئېلىندى)، ــ ئا.

**ئەلچىلەرمىز. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت(روشەن دەلىللەر بىلەن) چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر، دېدى]نىڭ تەپسىرى】**

**''ئۇلار: 'سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان ئاللاھ ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر' دېدى''** دېگەن بۇ ئايەت بۇ يەردە تۇغۇلغان بىر سوئالنىڭ، يەنى مۇشۇ سۈرىنىڭ 4 ـ ئايىتىدە پەيغەمبەرلەر ئەنتاكىيە خەلقىگە: **''بىز ھەقىقەتەن(ئاللاھنىڭ) سىلەرگە(يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز''** دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغاندا، ئەنتاكىيە خەلقى ئۇلارغا نېمە دېدى؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى بولۇپ كەلگەن. بۇ چاغدا ئۇلار **''سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان ئاللاھ ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر''** دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ نازىل قىلغان مۇقەددەس ۋەھيىنى ئىنكار قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى خۇددى پەيغەمبەرلىك بىلەن ئىنسانلىق بىر ـ بىرىگە زىتتەك، ئىنسان پەيغەمبەر بولمايدۇ، دېگەندەك خاتا قارىشىنى ۋە خام خىيالىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار دەل يۇقىرىقى سۆزنى دېگەندە پەيغەمبەرلەر: **''پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك-شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت(روشەن دەلىللەر بىلەن) چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر''** دەپ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئوچۇق، تېخىمۇ كەسكىن ھالەتتە تەكىتلىگەن.

بۇ ئايەتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىگە قىلىنغان تەكرار ئېتىرازدا، مەزكۇر شەھەر ئاھالىسىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى پالەچلىك ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى قاتماللىق ناھايىتى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالىتىگە بولغان جاھالىتى ۋە خاتا تونۇشىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەرلىك ئىنسانىيەت ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان ئىلاھىي پىروگراممىدۇر. پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى ئاشۇ پىروگراممىنى بويىچە ئىش كۆرىدىغان ھاياتلىقنىڭ ئەمەلىي ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ قەۋمنى ئاشۇ ئۈلگىگە ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئىنساندۇر. ھاياتلىقتىكى بۇ ئۈلگىنى تىكلەش ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئەلچىسى چوقۇم ئىنسانلاردىن بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى ئۆز ئۈممىتىنىڭ نەزەرلىرى ئالدىغا قويۇلغان ئەينەك بولۇشى كېرەك. قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئاساسىي ئالامەتلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ نەزەرلىرى ئالدىغا قويۇلغان پەيغەمبەرلەر ھاياتىنىڭ كۆرگەزمىسىنى تەپسىلىي ئېنىق شەرھلەپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى، شەخسىي ھاياتىي پائالىيەتلىرىنى، ھەتتا كۆڭۈل كەچمىشلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ ئىنسان پەيغەمبەرنىڭ قەلبىنى كۆرۈۋالسۇن دەپ ئالاھىدە بايان قىلىپ بەرگەن.

بۇ نۇقتىدا سۈرە«بەنى ئىسرائىل»نىڭ 94 ـ ئايىتىدە مۇنداق يورۇتۇپ بېرىلگەن: **''ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت(يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى 'ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟' دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر''**.

**【''قَالُوا إِنَّا تَطَيَّرْنَا بِكُمْ لَئِن لَّمْ تَنتَهُوا لَنَرْجُمَنَّكُمْ وَلَيَمَسَّنَّكُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٌ * قَالُوا طَائِرُكُم مَّعَكُمْ أَئِن ذُكِّرْتُم بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ''**
**[ئۇلار(ئەلچىلەرگە): 'بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق. ئەگەر سىلەر(دەۋىتىڭلارنى) توختاتمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر' دېدى. ئەلچىلەر: '(كۇفرىڭلار سەۋەبىدىن) شۇملۇقۇڭلار ئۆزەڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا(شۇم پال ئالامسىلەر؟) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، سىلەر (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر' دېدى]نىڭ تەپسىرى】**

پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ چۈشىنىشلىك قىلىپ نەسىھەت قىلىش ئىكەنلىكىنى شەھەر خەلقىگە يەتكۈزگەندە، بۇ خەلقنىڭ ئۇلاردىن شۇم پال ئالغانلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىشىنى شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ بىلگەنلىكىنى ئېيتقان ھەم ئۇلارغا دەۋەت ئىشلىرىنى

توختاتمايدىغان بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قاتتىق جازالايدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالغان. پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قاغىشىنىڭ ئۆزلىرىگە ياندىغانلىقىنى، ئەقىدىسى باتىل تۇرۇپ ھەقىقەتنى قارغاشنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزلىرىنىڭ قەتئىي مەيدانىنى بىلدۈرگەن.

دەۋەتتىن ياكى مەلۇم بىر ئىشتىن شۇم پال ئېلىش جاھىلىيەتچە خۇراپاتلىق بولۇپ پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىگە بۇنداق قىلىشنىڭ خۇراپاتلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ. ئۇلارنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن بولغان نېسىۋىسى ئۆزىدىن تاشقىرى ئامىلدىن ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ نىيەت - ئىقبالى، ئەمەل - ئەمالىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىسىنى ياخشى ياكى يامان قىلىشى سەۋەب نۇقتىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ قولىدا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇملۇقىنى ئۆز قوللىرى بىلەن كۆتىرىدۇ. ئادەملەردىن، جايلاردىن، ۋاقىتلاردىن، سۆزلەردىن شۇم پال ئېلىش ئوچۇق خۇراپاتلىقتۇر.

پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا دەۋەت قىلسا، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشىنى شۇملۇق، دەپ بىلەمدۇ؟ ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى تاش - كېسەك قىلامدۇ؟ دەۋەتنىڭ جازاسى مۇشۇمۇ؟ ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك بولمايدۇ! ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى گۇمان قىلىش ۋە باھا بېرىشتە ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

【''وَجَاء مِنْ أَقْصَى الْمَدِينَةِ رَجُلٌ يَسْعَى قَالَ يَا قَوْمِ اتَّبِعُوا الْمُرْسَلِينَ * اتَّبِعُوا مَن لاَّ يَسْأَلُكُمْ أَجْراً وَهُم مُّهْتَدُونَ* وَمَا لِي لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ''[**شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى(يەنى ھەبىب نەجار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: 'ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار. توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا)سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار. مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي؟'**]نىڭ تەپسىرى】

پەيغەمبەرلەر بىلەن شەھەر ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ خەۋىرى تەرەپ - تەرەپكە تارىدى. كىشىلەر بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرگە تەھدىت سالغانلىقىنى بىلىپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان ساغلام فىترەتلىك، ساپ ۋىجدانلىق بىر كىشى تېز - تېز قەدەملەر بېسىپ ئۆز قەۋمىنى پەيغەمبەرلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن توسۇش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشكە ئۈندەش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن يۈگرەپ كېلىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ: **''ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار. توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار. مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر(ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي؟''** دېدى. ''ئۇ كىشى دەل ياغاچچى ھەبىب ئىبنى ئىسرائىل ئىدى. ئۇ بۇت ياسايتتى''[①]، ئۇ غاردا ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى، پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، يۈگۈرەپ كېلىپ پەيغەمبەرلەرگە: ''سىلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسە(دەۋەت)كە ھەق تەلەپ قىلامسىلەر؟'' دېگەن، ئۇلار: ''ياق، بىزنىڭ ئەجرىمىزنى پەقەت ئاللاھ بېرىدۇ'' دېگەن[②]. بۇ ئايەتتىكى ''يۈگۈرۈپ كېلىپ...'' دېگەن سۆزدىن بۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدى پاك، قەلبى ساغلام، ھىممىتى ئۈستۈن، ئىرادىسى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمى يېنىغا تېز كېلىپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ ئايەتتىكى ''**توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان...**'' دېگەن جۈملىدىن كىشىلەرنى ئىمان - ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ھەق ئېلىشنىڭ قەتئىي دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، يەنى ئىمان - ئىسلامغا دەۋەت قىلىش بىر خىل مۇجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى، مەجبۇرىيەتكە ھەق ئېلىشنىڭ ئەقىدىگە، ئەخلاققا، پىرىنسىپقا، مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، دەۋەتكە ھەق ئالماسلىقنىڭ ''**توغرا يولدا بولغان**'' كىشىنىڭ بىر ئالامىتى ۋە خىسلىتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشمۇ ئانچە تەس ئەمەس. بۇ نۇقتا ھۇد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز

[①] مۇجاھىد ۋە مۇقاتىل رەھىمەھۇماللاھنىڭ سۆزى(ئىمام شەۋكانىينىڭ «فەتھۇل - قەدىر» ناملىق تەپسىرىدىن ئېلىندى).
[②] قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى(ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «تەپسىرى قۇرتۇبى» ناملىق تەپسىرىدىن ئېلىندى)، - ئا.

قەۋملىرىگە قىلغان دەۋەتلىرىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇنداق دېيىلگەن: **”ئى قەۋمىم! مەن تەبلىغ ئۈچۈن سىلەردىن ئەجىر سورىمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت مېنى ياراتقان ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟“**{سۈرە«ھۇد»(11 ـ سۈرە)، 51 ـ ئايەت}.

**”مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر(ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي؟“** دېگەن ئايەتتە مەزكۇر كىشىنىڭ كىشىلەرنى ھىدايەتكە يېتەكلەشتە ناھايىتى سىلىق ھەم يۇمشىلىق ئىكەنلىكى خۇددى ئۆزىگە ئۆزى نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك، ئۆزىگە تاللىغان نەرسىنى ئۇلارغىمۇ تاللىغاندەك تۇستە نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئوچۇق بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئايەتتە يەنە مەزكۇر دەۋەتچىنىڭ ئۇلارغا، يەنى مەزكۇر شەھەر ئاھالىسىغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئىبادەت قىلمىغانلىقىنى بىر خىل ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى پوزىتسىيە، شۇنداقلا ياخشى ئىشنى قوللاش، يامان ئىشنى قوللىماسلىق ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىكى قەتئىي ئىرادىسى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

【”أَأَتَّخِذُ مِنْ دُونِهِ آلِهَةً إِنْ يُرِدْنِ الرَّحْمَنُ بِضُرٍّ لا تُغْنِ عَنِّي شَفَاعَتُهُمْ شَيْئاً وَلا يُنْقِذُونِ * إِنِّي إِذاً لَفِي ضَلالٍ مُبِينٍ* إِنِّي آمَنْتُ بِرَبِّكُمْ فَاسْمَعُونِ“[**مەن ئاللاھتىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولسا(يەنى ئاللاھتىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام)، مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا بولىمەن. مەن ھەقىقەتەن(سىلەرنى ياراتقان) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم، (ئىمانىمغا) قۇلاق سېلىڭلار(ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار)**]نىڭ تەپسىرى】

بۇ ئۈچ ئايەت مەزكۇر دەۋەتچى ھەبىبۇن ـ نەجارنىڭ ئەنتاكىيە خەلقىگە قىلغان دەۋىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، يەنىلا دەۋەتنى ئۆزىگە نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك، يەنى ئىككىنچى شەخسكە ئەمەس، بىرىنچى شەخسكە خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئىككىنچى شەخسكە خىتاب قىلىش، يەنى شەھەر خەلقىگە نەسىھەت قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن. بۇ خىل ئۇسلۇبتا پەيغەمبەرلەر بىلەن قارشىلاشقان كىشىلەرگە بىۋاسىتە ئۇدۇلمۇئۇدۇل خىتاب قىلغاندا، ئۇلارنىڭ جاھىللىقىنى قوزغاپ قويۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى بار. شۇڭا، ئۆزىگە خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا تەرىز(كىنايە) قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ دەۋەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان ھەم دەۋەتنىڭ قوپال ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، چىرايلىق ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىكىنىڭ بىر مۇھىم پرىنسىپى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىگىمۇ يەتكەن. بۇ ھەقتە يەنە سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)نىڭ 125 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: **”پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا(يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن“**.

بۇ خالىس دەۋەتچى**”مەن ئاللاھتىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ“** دېيىش ئارقىلىق ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىشنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ قىلىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ قولىدىن ئاللاھ ئىرادە قىلغان بىرەر زىيان ـ زەخمەتنى، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر ئىشنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىمان ـ ئېتىقاد، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ يادرۇسى ۋە ئالدىنقى شەرتى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسىنى بولۇپمۇ، تەۋھىدنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان شاپائەتنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى، باشقىلار شاپائەت قىلغاندىمۇ ئاللاھ رازى بولغان ۋە رۇخسەت قىلغان ئادەملەرنىڭ شاپائىتى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى، بولمىسا ئاللاھنىڭ شاپائىتىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ شاپائىتىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن جانلىق تىل ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. **”ئەگەر ئۇنداق بولسا(يەنى ئاللاھتىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام)، مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا بولىمەن“** دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋېلىشنىڭ

ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق، ئوپئوچۇق گۇمراھلىق ئىكەنلىكىنى كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئەقىدىسىزلىك، ئىمانسىزلىق ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئاللاھنىلا ھەقىقىي ئىلاھ، دەپ بىلىشنىڭ ھەقىقىي ھىدايەت، تەۋپىق، توغرا يول ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە خىتاب قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارغا يەتكۈزگەن. قەۋمى ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ كىشى: "**مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم**" دېگەن. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ياراتقانلىقىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلب مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالماي، ئۆزىنىڭ ئاشۇلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىغا ئىشىنىپ، ئىمان ئېيتقانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ئىلاھلىرىنى تاشلاپ پەقەت بىردىن-بىر، ھەقىقىي ئىلاھ — ئاللاھقا ئىشىنىش كېرەكلىكىنى تەرغىب قىلغان. بۇ مەنانى "**سىلەر ئاللاھنى قويۇپ (خۇدا) دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار. ئۇلارنىڭ قولىدىن سىلەردىن بالانى كۆتىرىۋېتىشمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشمۇ كەلمەيدۇ**"{سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 56-ئايەت} دېگەن ئايەت تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

**【"قِيلَ ادْخُلِ الْجَنَّةَ قَالَ يَا لَيْتَ قَوْمِي يَعْلَمُونَ * بِمَا غَفَرَ لِي رَبِّي وَجَعَلَنِي مِنَ الْمُكْرَمِينَ"[(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) "جەننەتكە كىرگىن" دېيىلدى، ئۇ: 'كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى' دېدى"نىڭ تەپسىرى】**

شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن يۈگۈرەپ كېلىپ ئۆز قەۋمىگە دەۋەت ئېلىپ بارغان بۇ كىشى ئۆز قەۋمىنى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئىمانغا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ سەمىمىيلىكىگە، ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇش ۋە ئۇنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا "**جەننەتكە كىرگىن**" دېگەن ئالەمدىكى ئەڭ يېقىملىق سۆز بىلەن خىتاب قىلىندى. ئۇ ئۆزىگە ھۆرمەتلەش ۋە مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن تەييارلانغان نېمەت ۋە كارامەتلەرنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ بۇ نېمەت ۋە كارامەتلەرگە ئېرىشكەندىكى ئەھۋالىنى، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەغپىرەتكە ئېرىشكەنلىكىنى قەۋمىنىڭ بىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىپ: "**كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى**" دېدى. ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى، ھۆرمەتلىك كىشىلەردىن قىلىنغانلىقىنى بىلسە قانداق بولار ئىدى؟ ئۇلار بۇ ئەھۋاللارنى بىلسە، ئۆزلىرىنىڭ شېرىك ئەقىدىسىدىن يېنىپ، تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئۆتكەن بولاتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ ھاياتلىقىدا قەۋمىگە: '**ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار**' دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدى، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قەۋمىگە: 'كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى' دەپ نەسىھەت قىلدى"(«تەپسىرى ئىبنى كەسىر»دىن ئېلىندى).

**【"وَمَا أَنْزَلْنَا عَلَى قَوْمِهِ مِنْ بَعْدِهِ مِنْ جُنْدٍ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا كُنَّا مُنْزِلِينَ إِنْ كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً فَإِذَا هُمْ خَامِدُونَ"[ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىنى (جازالاش ئۈچۈن) ئاسماندىن قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەر) چۈشۈرمىدۇق (ھەر قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى) چۈشۈرۈۋەرگۈچى بولمىدۇق. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاھان ئۇلار ئۆچۈپ قالدى]نىڭ تەپسىرى】**

ئالدىنقى ئايەتتە مەزكۇر دەۋەتچىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بۇ ئىككى ئايەتتە ئۇلارنى دەۋەتچىنىڭ يەتكۈزگەن نەسىھەتلىرىنى رەت قىلغانلىقىنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارغا جازا بېرىش ئۈچۈن، ئاسماندىن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرمەستىن پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنى قاتۇرۇپ قويغانلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە، ئىمانغا قولاق سالماي ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئاۋازدىن ئىبارەت بىر خىل ئازاب، يەنى بالا-قازا چۈشۈرۈپ

جازالىغانلىقى زىكرى قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن، قوشۇن چۈشۈرگىنى يوق. يەنى ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان بىرەر قەۋمنى جازالىماقچى بولسا، ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارغا ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان ئازاب، ئاپەت چۈشۈرىدۇ.

## سۈرە «ياسىن»نىڭ 1 ـ ئايىتىدىن 29 ـ ئايىتىگىچە بولغان 29 ئايەتتىن چىقىرىلغان ئەقىدە ۋە ئەھكام مەسىلىلىرى

1. ھېكمەتلىك كىتاب قۇرئان كەرىمنىڭ توغرا يول، دەپ تەرىپلەنگەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ كىتاب بىلەن ئاشۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى؛

2. ھېكمەتلىك قۇرئاننىڭ ئۇزۇن يىللار ئاتا ـ بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىنغانلىقى؛

3. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى ۋە يامانلىقنى خالىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە ئېيتمايدىغانلىقى؛

4. ئاللاھ تائالا ھىدايەت بەرمىگەن ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ كار قىلمايدىغانلىقى، ھىدايەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى؛

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت غەيبىي ھەقىقەتكە ئىشىنىشنىڭ ئىماننىڭ ئالتە ئاساسىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، تىرىلدۈرۈشتىكى مەقسەتنىڭ كىشىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان بارلىق ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىش ئىكەنلىكى؛

6. ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتا مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەشنىڭ دەۋەت ئۇسۇلىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى؛

7. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى، شۇنداقلا پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئىماننىڭ ئالتە ئاساسىنىڭ بىرىگە ئىشەنمىگەنلىك ئىكەنلىكى، ئىماننىڭ بىر رۇكنىغا ئىشەنمىسە، ھەممە رۇكنىغا ئىشەنمىگەنلىك بولىدىغانلىقى؛

8. ھەقىقەتنى قارغاشنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقى، بەلكى ھەقىقەتنى قارغىغانلارنىڭ قارغىشنىڭ ئۆزلىرىگە ياندىغانلىقى؛

9. ياخشى ئىشلاردىن شۇم پال ئېلىشنىڭ مۇشرىكلارنىڭ خاراكتېرى ئىكەنلىكى؛

10. ياخشى ئىشلارغا ئالدىراشنىڭ ئىماننىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى؛

11. دەۋەتكە ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى؛

12. دەۋەتنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل ياكى قوپال رەۋىشتە ئەمەس، بەلكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇبتا ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى؛

13. ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ئىلاھ قىلىۋېلىشنىڭ شېرىك ئىكەنلىكى؛

14. ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ، ھېچ نەرسىنىڭ ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى، ھېچكىمنى قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقى؛

15. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئېغىر، ئەڭ خەتەرلىك گۇناھ ئىكەنلىكى؛

16. ھەققە دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، جەننەتتە كاتتا نېمەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقى؛

17. دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېرىشكەن نېمەت ـ ھۆرمەتلىرىنى ھەقىقىي بىلگەن ۋاقتىتا، دەرھال خاتا يولدىن توغرا يولغا چىقىدىغانلىقى، شۇڭا ئىسلام ھەقىقەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئىشىنىپ ۋە تولۇق ئەمەل قىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن كاتتا نېمەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشنىڭ لازىملىقى؛

18. ئاللاھ تائالا بىرەر قەۋمنى جازالىماقچى بولسا، ئاسماندىن قوشۇن، يەنى پەرىشتە چۈشۈرمەستىن، بەلكى تۇرلۇك بالا ـ قازا، ئاپەتلەرنى چۈشۈرىدىغانلىقى؛

19. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچبىر قەۋمنى جازالىمايدىغانلىقى. (داۋامى بار)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)




بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئالەملەرنىڭ رەببى جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر- بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر"**{سۈرە «نىسا»(4 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت}.

توغرا، ھەق يولدا مېڭىش ئىنسان بەخت ـ سائادىتىنى ئۆزىنىڭ ئالىي نىشانى قىلغان، يەر يۈزىدىكى ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن باشلانغان ھەقىقەت ساداسىنىڭ داۋامى، راۋاجى، خاتىمىسى بولغان مۇبارەك ھەق يولىمىز ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەمرى ۋە تەشەببۇسىدۇر. ئىنسانلار تۆرەلگىنىدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ھەقىقەتكە يېتىش كويىدا بولدى، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى. چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتنىڭ يەر يۈزىدە خاتىرجەم، بەختلىك ياشاشنىڭ بىردىن بىر كاپالىتى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ھەم شۇنىڭغا ئىشىنەتتى. ئۇلار ئاللاھ ئىنسانلار ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن نېمەتلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىشى كېرەك دەپ قارايتتى. بۇ خىل ئىدىيەگە قارشى چىقىپ باشقىلارنىڭ ئازابى، قايغۇسى بەدىلىگە شەخسىيەتچىلىك بىلەن بەھرىلەنمەكچى بولغانلارنى شەيتان بىلەن ئورتاق ئاتاقتا "دۈشمەن" دەپ ئاتاپ ئۇلارغا قارشى كۆرەش قىلدى ھەمدە باتۇرلۇق ۋە غەيرەت ـ شىجائەت ئۈلگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەلۇم دەۋرگە كەلگەندە ھەقىقەتنىڭ ھىمايىچىلىرى كۆپىيىپ ئەجدادلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن خۇلاسە — ھەقىقەتتىن ئايرىلغان ئىلىمنىڭ، ساماۋىي تەلىمدىن ئايرىلغان ھەقىقەتنىڭ ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالايى ـ ئاپەتكە دۇچار قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۈگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى ياشاش مىزانى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزلىرىمۇ بۇ مەسلەكنى ياقلىدى. چۈنكى ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشنىڭ كاپالىتى بولغان چىن ئىلاھى ھەقىقەتكە موھتاج ئىدى.

خوش، ئۇنداق بولسا چىن ئىلاھى ھەقىقەت

ۋەز ـ تەبلىغ

قانداق بولىدىكەن، ئۇنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىپ باقايلى؟!

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ھەقىقەت ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەندۇر، ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن"**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 147 ـ ئايەت}؛ **"ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق(دىن) ئېلىپ كەلدى، ئىمان ئېيتىڭلاركى، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر ئىنكار قىلساڭلار(يەنى كۇفرىنى داۋاملاشتۇرساڭلار) (ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەت). چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر(يەنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، مۈلكىدۇر). ئاللاھ(بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر"**{سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 170 ـ ئايەت}.

ئەنە شۇ ھەقىقەتنىڭ يېتەكچىلىرى بولغان ھۆرمەتلىك ساھابىلەر، سەلەفى ـ سالىھلار بىر ئۆمۈر ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىدى، ئىنسانلارنى مۇشۇ ھەقىقەتنى بىلسىكەن، بۇنىڭ ھۆزۈر ـ ھالاۋىتىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە كۆرسىكەن، دەپ كۆپ تىرىشتى. ساھابىلەر ۋە سەلەفى ـ سالىھلار جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتنى ئۆز پېتىچە چۈشىنىش ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرستىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. مەلۇمكى، ئەمەل قىلىش ۋە بىلىش قەلبتە ئىشىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ، چىن مەنىدىكى تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ ياخشى بولۇشى قەلبنىڭ پاك، ساغلام بولۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ھازىرقى زامان تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىشىشى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنىڭ كۆپ خىللىششىغا ئەگىشىپ بىلىملىك بولۇشقىلا كۆچەپ قەلبنى پاكلاش ۋە روھى تەربىيە دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دەپ قالدۇق. قەلبنىڭ قېتىپ كېتىشى، ياخشى ئىشلارغا نىسبەتەن سۆرەلمە پوزىتسىيەدە بولۇش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇنيا مەئىشەتلىرىگە بېرىلىش بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسىدۇر. ئەمما ئاللاھ رازى بولغان كىشىلىرىمىز ماڭغان يول دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئىنساننىڭ جىسمانىيىتىنىڭ كاردىن چىقىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

جانابى رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: **"بىلىڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، بۇ پارچە گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ؛ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ قەلبدۇر"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دۇنيا مەئىشەتكە بېرىلىشنىڭ ئومۇملىشىشى ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. چۈنكى بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلمايدۇ، ئۇلار ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈشلەر سۇنئىيلىشىدۇ. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بايلىق، يۈز ـ ئابروي ئالدىدا ئەقىدە ـ ئېتىقاد، مېھىر ـ مۇھەببەت دېگەنلەر ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ، بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا نىسبەتەن ئەھمىيەتسىز، قىممەتسىز بىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا نىسبەتەن پايدا ـ مەنپەئەت ئالدىدا ئۆز ئەقىدىسى، باشقىلارنىڭ يۈز ـ ئابرويى، مال ـ مۈلكى ھەتتا جېنىنىڭمۇ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ. ئۇلار ئارىسىدا بەخت ـ سائادەت، خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە ياخشىلىق كەم تېپىلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردىكى بىلىم ۋە ئېتىقادار مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس ئېتىقادتىن، قەلب پاكلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار بىز دەۋاتقان قەلب پاكلىقىنى ئۆزلىرىدىكى بىلىم ۋە ئېتىقادنىڭ ئېنىرگىيە مەنبەسى قىلىشتىن باش تارتقان. نىھايەتتە، قەلبلىرى قاساۋەتلىشىپ كەتكەن. بۇنداق قەلبلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن ئەتراپىدىكىلەرگە، ياشاۋاتقان جەمئىيىتىگە، بارچە ئىنسانىيەتكە، يامانلىقلار كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇنداق بولسا ئىنسانىيەت ئۈلگىلىرى بولغان زاتلىرىمىزنىڭ تاللىۋالغان ياشاش مىزانى قايسى؟

پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر قەلبنى، روھنى پاكلاشقا چاقىرىق قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، پىرئەۋنگە مۇنداق دېگىن دەيدۇ: **"ئۇنىڭغا: (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى خالامسەن. سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ (ئۇنى تونۇساڭ پەرۋەردىگارىڭدىن) قورقىسەن-دە، (ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن)، دېگىن"**{سۈرە «نازىئات»(79 ـ سۈرە)، 18 ـ، 19 ـ ئايەت}.

روھنى پاكلاش ئىنساننى يۈكسەكلىككە

كۆتۈرىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك نېمەت يۇرتى بىلەن ئۇتۇق قازاندۇرىدۇ، خاتىرجەم، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن تويۇنغان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دۇئالىرىدا "**ئى ئاللاھ! نەپسىمگە تەقۋالىقنى بەرگىن، ئۇنى پاكلىغىن، سەن قەلبلەرنى ئەڭ پاكلىغۇچىسەن**" دەيتتى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

قەلبنى پاكلاش مەنپەئەتلىك ئىلىم ئۆگىنىش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، ئىشنىڭ نەتىجەسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش، سەۋر قىلىش، ئاللاھ يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش، ئۈمىدۋار بولۇش، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن خەۋپسىرەش، مېھىر - مۇھەببەتلىك بولۇش، ئاللاھنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. جانابى رەسۇلۇللاھ بىر ھەدىسىدە "قەلبى پاك بولۇش" دېگەنلىكنى "**نەدە بولسا ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى بىلىش**" دەپ بايان قىلىپ بەرگەن(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان).

زەپەر قۇچۇش ئىستىكىدىكى ئادەمنىڭ سەپىرى قەلب پاكلىقىغا يېتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، قەلب پاكلىقىغا ئېرىشكەن كىشى مەقسىتىگە ھەقىقىي يەتكەن كىشىدۇر. چۈنكى بۇنداق ئادەم ئۆزىنى تونۇيدۇ، ئۆزىنى تونۇغان ئادەم پەرۋەردىگارىنى تونۇيدۇ، ئۆزىنى تونۇمىغان كىشىنىڭ ئۆزىدىن باشقىنى تونۇمايدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. پاك قەلب ئۆز ياراتقۇچىسىنى ئەسلەش بىلەن چەكسىز ھوزۇر ھېس قىلىدۇ، بارلىق ھىممىتى ۋە سۆيگۈسى ياراتقۇچىسى ئۈچۈن بولىدۇ، ئوي - پىكىرلىرىدە ئۇنىڭ رازىلىقى ۋە ياخشى كۆرۈشىنى كۆزلەش ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئۆزىدە ئازراق ئۆزگىرىشنى ھېس قىلسىلا "**ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن**"{سۈرە «فەجر»(89 - سۈرە)، 27 - ، 28 - ئايەت} دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەنبىھ بېرىپ، ئۆز - ئۆزىنى ئويغىتىپ تۇرىدۇ، ھاياتى كۈچكە تولىدۇ، ھاياتقا مېھىر - مۇھەببەت ۋە ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئۇتۇقىنى كۆرگەندە خۇشال بولىدۇ، غەم - قايغۇلىرىغا تەسەللى بېرىدۇ، باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدە سەمىمىي، تاماسىز بولىدۇ، ھەر خىل قەبىھلىكلەرگە ئۇچرىغاندا، ياخشى - يامانني پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ئۆلگەن قەلبلەرنىڭ ئەكسىچە بۇ قەبىھلىكلەردىن يىرگىنىدۇ. بۇ خىل قەلب ئىگىلىرىگە ئاپىرىنكى، ئاللاھ خالىسا بۇلارنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىكى ياخشى بولغۇسى، ھاياتى خۇشاللىققا چۆمگۈسى!

ئى قەلبلەرنى پاكلىغۇچى ئاللاھ! بىزگە ئىلاھى ھەقىقەت بىلەن پاكلانغان پاك قەلب ئاتا قىلىشىڭنى سورايمىز! ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر)

## دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

2012 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر»نى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇختەر ھەسەننىڭ ھەمراھلىقىدا ئىنستىتۇتىمىزغا كېلىپ «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر»نىڭ 5 - قىسمىنى تۈزۈش خىزمىتى ئۈستىدە پىكىرلەشتى. ئالدى بىلەن، ئىنستىتۇت مەسئۇلى ئېلىجان ئىنايەت ئىنستىتۇتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئاندىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىلجان ھاجى كېرىم قاتارلىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ئىنستىتۇتىمىزدىكى دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر»نىڭ 5 - قىسمىنى تۈزۈش خىزمىتى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى، سۆھبەت داۋامىدا، ئىنستىتۇت مۇدىرى ئابدۇرەقىپ داموللام، ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياقۇپجان ئەزىز، شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد، ئابىت قازىباي قاتارلىق دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋەز - تەبلىغ خىزمىتىدىكى تەجرىبىلىرىنى سۆزلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر»نىڭ 5 - قىسمىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قارىتا پىكىر - تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(راھىلە ئابدۇكېرىم)



# ئەپۇچانلىق ئاياللىق ئەخلاقىنىڭ توپ مىزانلىرى

ئىلتەرىش ئەزىز

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىنسانىيەت تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئىنسانلار پەيدا بولۇپ مەيلى قەبىلە شەكلىدە ياشىسۇن ياكى قەبىلەلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ مىللەت بولۇپ شەكىللەنسۇن، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر بىرلىكتە ياشاپ، توپ ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، بىر-بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىگە ھەمدەمدە بولۇپ ھاياتلىق مۇساپىسىنى بېسىپ كەلگەن. ئۆز قەۋمدىكىلەرنى سېغىنىش، ئۆز خەلقىگە مايىل بولۇش ئىنساننىڭ تەبىئىتى بولسا كېرەك. چەت ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارنىڭ، چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنىڭ ئانا يۇرتىنى، سۆيۈملۈك خەلقىنى سېغىنىپ، توپلىق سەھرالارنى، توپا چىراي قېرىنداشلارنى كۆڭلى تارتىپ تۇرۇشى بۇنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك.

ئادەم بىر توپ ئىچىدە ياشىغان ئىكەن، شۇ توپتىكىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى ۋە ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. توپنىڭ ئومۇمىي ئەخلاق مىزانى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. توپتىكىلەرنىڭ شەيئىلەرگە، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدە ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلەر مەۋجۇت بولغاچقا، شۇ توپتىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش جەريانىدا زىددىيەتتىن، كۆڭۈل ئاغرىقىدىن خالىي بولۇش تەس. ئىختىلاپ تۈپەيلى بىر-بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ كېتىدىغانلار، ئۇرۇشۇپ بىر-بىرىنى يارىلاندۇرىدىغان، مېيىپ قىلىپ قويىدىغانلار ئارىمىزدا يوق ئەمەس. بەزى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە تايىنى يوق ئىشلار بولۇپ، مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئۆزىنىڭكىنى توغرا، قارشى تەرەپنىڭكىنى خاتا دەپ قاراش سەۋەبلىك ئىشنى چوڭايتىۋەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. زىددىيەت يۈز بەرگەنىكەن ئۇنى كىچىكلىتىش، تۈگىتىش تەرەپتارىدا بولماي، بەلكى چاتاقنى چوڭايتىدىغانلار كۆپ بولغاچقا ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆچ-ئاداۋەت تۈگىمەيدۇ. ئەرلەر قىزىققانلىق قىلىپ باشقىلار بىلەن ئوڭايلا زىددىيەتلىشىپ قالسا، ئاياللار ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلغاچقا زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا كەڭ قورساق بولغاچقا، دىلىنى رەنجىتكۈچىنى كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ. ئاياللار ئازارلىشىپ قالسا، قارشى تەرەپنى ئەپۇ قىلىمىقى تەس.

ئىسلام دىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق

ئاياللارنىڭ مەھەللىدىكىلەر، ئىشداشلار بىلەن رەنجىشىپ قالغىنى يەتمىگەندەك، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەنمۇ خۇددى ياتلاردەك بولۇپ كېتىدىغانلىرى بار. ئايالار باشقىلاردىن مېھىر - مۇھەببەتنى بەكرەك تەلەپ قىلغاچقا ئاساسلىق مۇھەببەت يەتكۈزگۈچى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىرەر ئىشتا كەتكۈزۈپ قويسا ياكى كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن بىرەر ئېغىز قاتتىقراق گەپ قىلىپ قويسا بەك ھار ئالىدۇ، ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەي ماي تارتىپ، كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ، ئىللىق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ. ھەتتا بېرىش - كېلىش قىلماي قويىدۇ. ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بولغاندىكىن ئەپۇ قىلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلماي، تۇغقىنىنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئازغىنە سەۋەنلىكىنى دەستەك قىلىپ قېيدىشىپ يۈرىشىدۇ. قۇرئان كەرىمدە "**ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا(يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن(يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)**" {سۈرە«ئەئراف»(7 - سۈرە)، 199 - ئايەت} دېيىلگەن بولۇپ، مەيلى ئۇرۇق - تۇغقانلار بولسۇن، مەيلى باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بولسۇن كۆرۈلگەن زىددىيەتلەردە مەسىلەنى ئاكتىپلىق بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئارىدىكى ئوقۇشماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تۈگىتىشكە يول ئاچقاندىلا ئاندىن ئىختىلاپ تۈگەيدۇ. ئەمما بىر قىسىم ئاياللاردا بۇنداق تەشەببۇسكارلىق روھى يوق. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئازارچىلىقلار ئاياللارنى ئازابلىسىمۇ بارلىق ئەيىبنى قارشى تەرەپكە قويۇپ ئۇلاردىن ئاغرىنىپلا ئۆتىدۇ. "بولدىلا، ئۇ ياخشى قىلمىغان بولسا، مەن قېيداپ يۈرسەم، ياخشى تۇغقىنىنى باشقىلار ماڭا بېرەتتىمۇ، ئۇرۇق - تۇغقان بولغاندىكىن بىر - بىرىمىزنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر - بىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تۈگۈتۈپ ئىجىل - ئىناق ياشىمامدۇق" دېمەي "ئاچام ئۇنداق قىلسا بولامدۇ، ئۇكام مۇنداق قىلسا بولمامدۇ، خەقنىڭ تۇققانلىرى ئۇنداق قىلىدىكەن" دەپ ۋايسايدۇ. باشقىلارنىڭمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن "سەن - پەن" دېيىشىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. بەزىلەر زىددىيەتنى شۇ ھامان ھەل قىلىپ كۆڭلىدىكى چىگىشنى يېشىۋەتكەچكە يەنىلا ئاۋۋالقىدەك ئىجىل - ئىناق ئۆتەلەيدۇ. بەزىلەر مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم دەپ بويۇنتاۋلىق قىلغاچقا مۇناسىۋەت يىرىكلىشىدۇ. بەزىلەر تۇغقانلار ئارىسىدا زىددىيەتنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا چاندۇرماي يۈرسە، بەزىلەر كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئۇنىڭ - بۇنىڭغا تۆكۈپ تۇغقانلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ يۈرىدۇ. نۇرغۇن ئايالارنىڭ باشقىلار بىلەنمۇ، تۇغقانلىرى بىلەنمۇ ئازارلىشىپ ئۆتنۈۋاتقانلىقىنى ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى ئۇرۇق - تۇغقانلار ياتلاردەك جەڭگە - جېدەل قىلىشىپ ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. تۇغقان تۇرۇپ بىر - بىرىنىڭ ئەيىبنى ئېچىشىدۇ، بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىپ ئىشلىرىغا توسالغۇ بولۇشىدۇ. تۇغقانلىرى بىلەن ئەپ ئۆتەلمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتمەك تەس ئەمەس.

ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن ئۇرۇش - تالاش قىلىپ يۈرۈش ئەدەپ - ئەخلاققا ئەڭ مۇخالىپ ئىشتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: "**رەسۇلۇللاھ ئەدەپ ئەخلاققا يات سۆز- ھەرىكەتلەردىن يىراق ئىدى، بازارلاردا سۈرەن قىلمايتتى، يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرەتتى، يامانلىققا ياخشىلىق قىلاتتى**". ئەدەپ - ئەخلاق ئېگىز سۈس ئادەملەردە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭىدىغان ئىدىيە بولمىغاچقا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئەخلاققا بويسۇنۇپ ياشىمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قويمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، كىم بىلەن جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق نېمە مەقسەتكە يېتىدىغانلىقىنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ يەتمەيۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئايالاردا ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان روھ بولسا ھەر قانچە چوڭ ئىش چىقسىمۇ ئۇنى شۇ مەيداندا ھەل قىلىپ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كېتەلەيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: "ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن بەزى يېقىن تۇغقانلىرىمغا ياردەم قىلسام ئۇلار مېنى نەزەرىگە ئىلمىدى؛ مەن ئۇلارغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلسام، ئۇلار بۇنى خاتا چۈشەندى؛ مەن

ئۇلارنى ئەپۇ قىلسام ئۇلار مېنى ئەخمەق قىلدى» دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «**بۇ ئىشلار راستىنلا سەن دېگەندەك بولىدىغان بولسا، ئۇلار قوقاس يەۋالغاندەك ئازابلىنىدۇ، سەن بۇ ئىشلىرىڭنى داۋاملاشتۇرساڭلا، ئاللاھ ساڭا غايىبانە ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىدىن توسىدۇ**» دېگەن. بۇ دۇنيادا ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان قىلمىشىغا لايىق ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ. ياخشىلىق قىلغانلار ياخشىلىققا، يامانلىق قىلغۇچىلار يامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر. تۇغقانلار ئارىسىدا يامانلىققا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانداقتۇر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن «جانغا جان، قانغا قان ئالماي» قارشى تەرەپكە ناماقۇل بولۇش يولىنى تۇتۇپ ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى بولماستىن، بىر قورساقتىن چۈشكەن، بىر جەمەتنىڭ ئەۋلادلىرى بولغاندىكىن ھەر قانچە چوڭ ئىش بولسىمۇ ئازارلىشىپ يۈرمەي، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلايلى، دېگەننى مەقسەت قىلىپ قارشى تەرەپكە ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلىشىدۇر.

ئاياللارنىڭ باشقىلار بىلەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ يۈرۈشىدە قارشى تەرەپنىڭ سەۋەنلىكىدىن بەكرەك ئۆزىنىڭ مەسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىدىندۇر. ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئۇنتۇپ باشقىلارنىڭكىگە ئېسىلىۋېلىشى، ئۆز مەنپەتىنى چىقىش قىلىپ باشقىلارنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولماسلىقى، ھەممە ئىشتا ئۆزىنى يادرو قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى، جانجان مەنپەئەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇشى، ئۆزى بوينىنى قاتتىق قىلىۋېلىپ باشقىلاردىن باش ئېگىشنى تەلەپ قىلىشى، ئۆز ئازابى ھەققىدە ۋالاقشىپ، باشقىلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىنىڭ دەرىجىسىنى بىلىشنى خالىماسلىقى سەۋەبىدىن بىر قىسىم ئاياللار ئۆمرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى باشقىلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، دەتالاش قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ. ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئۇپرىتىپ، ئەسلىدە كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، دىلنىڭ شاتلىقى بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك ئۆمرىنى قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھايات مۇساپىسىنى قىسقارتىۋالىدۇ. ئورۇنسىز قورۇقلارنى كۆپەيتىپ، قېرىلىققا بۇرۇن قەدەم قويۇۋالىدۇ. بىر قىسىم ئاياللار مەسىلەرگە توغرا قارىيالمىغاچقا ئۆزىنى ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلىۋالىدۇ. دۇنيادا زىددىيەتلەشمەي، مۇناسىۋەتكە قىلچە نۇقسان يەتكۈزمەي ياشاش تەس. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مەسىلەرنىڭ كۆرۈلۈپ تۇرۇشى ئەمەلىيەتتە مۇناسىۋەتلەشكۈچى تەرەپلەرنىڭ ئىدىيەسى، ئىش ـ ھەرىكىتىدە مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سەۋەنلىك قارشى تەرەپتىن ئۆتۈپ كۆڭۈل ئاغرىقى تارتقان تەقدىردىمۇ، مەسىلىنىڭ يامان يېرىنى ئويلاپ، ئەرزىمەس ئىشلارنى كوچىلاپ يۈرمەي «تىلغا ئالغۇچىلىقى يوق ئىشقا نېمانچە قىلىپ كېتىمەن، بولدى دېسەملا بولىدىغۇ»، «ئۇ ئەسكىلىك قىلسا مەنمۇ ئەسكىلىك قىلامدىمەن، ئۇ كىم؟ مەن كىم؟»، «بەلكىم ئۇ قەستەن قىلمىغاندۇ، ئۇمۇ بىر بەندە، بەندە سەۋەنلىكتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ»، «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، بۈگۈندىن كېيىن ئەپ ئۆتسەك بولمامدىمۇ» دەپ ئويلىسا، قورساقنى كەڭرەك تۇتسا باشقىلار بىلەن زىتلىشىپ يۈرمەيدۇ. روھى جەھەتتىن خوراپ ئۆزىنى باشقىلارغا دۈشمەن كۆرسىتىۋالمايدۇ. بۇيۇك ئىشلارنى قىلىدىغان زېھنىنى ۋە ۋاقتىنى ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرىپ قىلىپ زىيان تارتىپ يۈرمەيدۇ.

ئاياللار كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كۆرۈلگەن مەسىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئەڭ ياخشى ئىلمىي ئۇسۇل قارشى تەرەپ بىلەن ئۆچەكىشىپ يۈرمەي، قارشى تەرەپنى ئەپۇ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سوراشتۇر. ئەپۇ سوراش، ئەپۇ قىلىش بولمايدىكەن ئارىدىكى جېدەل ـ ماجىرا، ئۆچ ـ ئاداۋەت مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «**ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ**» {سۈرە«فۇسسىلەت»(41 ـ سۈرە)، 34 ـ ، 35 ـ ئايەتلەر}. ئاياللار ئۆزىنىڭ ياخشى پەزىلىتى ئارقىلىق

ئۆزى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغان تەرەپنى ئەپۇ قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇش يولىنى تۇتسا، ھەر قانچە ئوقرى ئىگىز كىشى بولسىمۇ تەسىرلىنىپ ئاردىكى زىددىيەتنى تۈگىتىش تەرەپتاردا بولىدۇ. ئاياللار بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى يوللۇق ھېسابلاپ، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىپ باقمايدىكەن، زىددىيەت پاتقاققا پېتىپ قېلىۋىرىدۇ. ئاياللارنىڭ ئاداۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇلارغا نۇرغۇن جەھەتتە زىيان كەلتۈرىدۇ. روھى جەھەتتىن تارتىدىغان زىيىنىدىن باشقا، نۇرغۇن پائالىيەتلەر، يۈرۈشىدىغان ئىشلار توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

ئاياللارنىڭ ئاداۋەت تۇتۇشى ئۆزىدىن باشقا ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاياللار ئۇرۇق-تۇغقانلار، ئەتراپتىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىكى سەۋەبلىك كەيپىياتى تۇراقلىق بولمايدۇ. ناچار كەيپىيات بىلەن يولدىشىغا، بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولالمايدىغانلىقى ئېنىق. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدە جېدەل-ماجىرا تۈگىمەيدۇ. بۇنداق كەيپىيات ئۇزاق داۋام قىلسا ئەر-ئاياللىق ھېسسىياتقا، ئانا-بالىلىق مېھىر-مۇھەببەتكە داغ تەگكۈزىدۇ. ھەممە باشقىلاردىن ئاغرىنىدىغان ئايالدىن بىر بولسا ئائىلە ئەزالىرى بىزار بولىدۇ، بىر بولسا شۇ ئايالنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئەتراپتىكىلەردىن ئاغرىنىدىغان، ئۆزىنى تاختىبىشىغا ئېلىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن نۇقسان ئىزدەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاياللار ئالدى بىلەن ئۆزىدە كەڭ قورساقلىقنى، ئەپۇچانلىقنى يېتىلدۈرۈشى، ئۆزلىرىگە قارشى چىققۇچىلارغا دەرھال دۈشمەنلىك بايرىقىنى لەپىلدەتمەي، ئۇلارنىڭ نادانلىقنى، ئەقىلسىزلىقنى كەچۈرۈۋېتىش تەرەپتاردا بولۇشى كېرەك. قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى ئەپۇچان بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېيىلگەن: "**(ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**"{سۈرە«نۇر»(24-سۈرە)، 22-ئايەت}.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمسۆھبەت ئوبيېكتى، بالىلارنىڭ تەربىيەچىسى. باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىغان، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولمايدىغان بۇنداق ئايال ئەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان "ئۆسمە"گە، بالىلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا ئۈنگەن "شۇمبۇيا"غا ئايلىنىدۇ. ئاياللار سىرتتا ئۇچرىغان خاپىلىقى ئارقىلىق ئائىلىدىكىلەرنى پاراكەندە قىلماسلىقى، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېلىپ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيەسىنى چىرىتىپ، ئىش-ھەرىكىتىنى چاكىنىلاشتۇرماسلىقى كېرەك. ئاياللار سىرتتا بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىسا ئائىلىدىكىلەرگە سۆزلەش ئارقىلىق ئىچىنى بوشىتىدۇ، تەسەللىي تاپىدۇ. ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغان ئاياللار ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەربىيەسىنى، تەسەللىيسىنى قوبۇل قىلماي، ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىدۇ. بۇنداق ئاياللارغا ئائىلە ئەزالىرى بارا-بارا تەسەللىي بېرىشتىنمۇ يالتىيىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئاياللارغا كېلىدىغان بەختسىزلىكنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر.

ئاياللارنىڭ ئەسلى تەبىئىتى باغرى يۇمشاق كېلىدۇ. ياخشى سۆز، جايىدا بېرىلگەن تەسەللىيلەرنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. باشقىلاز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كۆرۈلگەن يىرىكلىشىشلەرنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىپ، ئۇلار بىلەن ئاۋۋالقىدەكلا مۇناسىۋەتلىشىدۇ. لېكىن بەزى ئاياللار ئاياللارنىڭ بۇ تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. تەبىئىتىدىن ياتلىشىش ئاياللار ئۈچۈن ئاياللىق خۇلقتىن، ئاياللىق جەزبىدارلىقتىن، ئاياللىق پەزىلەتتىن ياتلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئايال كىشى ئاياللارغا خاس روھ بىلەن ياشىشى زۆرۈر. خۇددى ئاللاھنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا ئېيتىلغاندەك: "**ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن**"{سۈرە«ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 159-ئايەت}.

ئاياللار باغرى يۇمشاقلىق تەبىئىتى بىلەن ياشاشنى ئۇنتۇتمىسا بۇ دۇنيا تېخىمۇ مېھىر-مۇھەببەتكە تولۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى

ئوقۇشماسلىقلار ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ، دوستانە مۇناسىۋەت، قويۇق تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، خاپىلىقلار ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولىدۇ. شۇندىلا ئىنسانلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان «شەيتان»لارنىڭ نەيرەڭۋازلىقى كارغا كەلمەي، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق دەۋر سۈرىدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش بەزىدە شۇنداق ئاددىي، بەزىدە شۇنداق مۇرەككەپ كېلىدۇ. مۇرەككەپ ئويلىۋالغانسىرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. ئاياللار كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى مەسىلەلەرگە قارىتا ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىش تەرەپتارىدا بولسا ئارتۇقچە دىشۋارچىلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. باشقىلار ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولسا مەنمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولىمەن دەيدىغان ئىدىيەدە بولىدىغان بولسا، ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىگە قىلغان يامان خاراكتېردىكى ئىشلىرىغا شۇنداق جاۋاپ قايتۇرۇش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. **«كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر»** {سۈرە «شۇرا» (42 ـ سۈرە)، **43** ـ ئايەت}. ئىنسان ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ يامانلىقىغا يامانلىق قايتۇرۇش بەدىلىگە ئۆزىنى بۇلغاپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقىتىپ، قارشى تەرەپنى دىشۋارچىلىققا ئۇچرىتىپ ئازابلاپ يۈرمىسۇن. ياخشى ئىستىل دەل چىن ئىنسانلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟

بەزىدە ئادەم ئۆزىنى بېسىۋالسىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ھازازۇللۇقى، ئۆكتەملىكى، قارىملىقى تۈپەيلىدىن جېدەلدىن ساقلانغىلى بولماي قالىدۇ. مۇناسىۋەت يىرىكلەشكەنسېرى دەماللىققا قارشى تەرەپكە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ ئۆزى ۋە ئۆزگىگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدا ـ زىياننى ئويلاپ قارشى تەرەپنى ئەپۇ قىلىۋەتسە ئادەم يېنىكلەپ قالىدۇ. ئەپۇ ــ ئاياللىق پەزىلەتنىڭ يادروسى، ئاياللىق خاراكتېرنى ئىجابىيلىققا ئىگە قىلىشتىكى ئەخلاق مىزانى. ئەپۇچان بولالمىغان ئاياللاردا باشقىلار تۇغۇل ئېرىنىڭ، بالىسىنىڭ ئازغىنە سەۋەنلىكىنىمۇ كەچۈرۈۋېتىش خىيالى بولمايدۇ. ئەپۇچان ئاياللار ئەرلەرنىڭ چىن سۆيگۈسىگە، بالىلارنىڭ ئەخلاق ئۈلگىسىگە، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ياخشى سەپدىشىغا ئايلىنالايدۇ. ئەپۇچانلىق ئاياللارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەڭشەش كالىتىكى بولۇپ، ئەپۇچان بولغاندىلا چىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرغىلى بولىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت راۋانلاشسا كۆڭۈل خاتىرجەم بولۇپ ھايات مەنىلىك ئۆتىدۇ. ئاياللار ئۈچۈن تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇش تولىمۇ مۇھىم. ئاياللار تىنچلىققا، روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشمەيدىكەن تۇرمۇشى ھەرقانچە باياشاتچىلىققا تولۇشىدىن قەتئىينەزەر نامراتلارچىلىق بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلەلمەيدۇ. مۇسۇلمان ئاياللار كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى كۆرۈلگەن مەسىلەلەرنى «مەن باشقىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولسام، باشقىلار ماڭا شۇنداق مۇئامىلىدە بولىدۇ» دەيدىغان قاراشتا تۇرۇپ ھەل قىلىشى كېرەك.

(ئاپتور: ئاتۇش شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)

## شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئەرەب تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش، دىئالوگ قاتارلىق 3 تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى

شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى، چەت ئەل تىل ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ياخشى مەكتەپ مۇھىتى بەرپا قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ 2 ـ دەرىسخانا پائالىيىتىنى يەنىمۇ موللاشتۇرۇش مەقسىتىدە، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى، پۇقرالار ئەخلاق تەربىيەسى» ئاساسىي تېما قىلىنغان ئەرەب تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى ۋە بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى.

مۇسابىقە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەرەب تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش، دىئالوگ، ئىتوت ئويناش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقىگە 36 ماھىر قاتناشتى.

(راھىلە ئابدۇكېرىم)



# ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

**ئارزۇگۈل غوپۇر**

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھايا — ئەخلاقسىز ۋە ئەيىب ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئالدىدا خىجىل بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئۆلىمالار ھايانىڭ ماھىيىتى ئەدەپ ـ ئەخلاق يوسۇنىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدىغان، كىشىلەرنى ھەقىقەتكە سەل قاراشتىن چەكلەيدىغان بىر خىسلەتتۇر دەپ قارايدۇ. ھايالىق بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان توغرا مىزاندۇر.

ئىسلام دىنى ھايالىق بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھەرقانداق دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بار، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر"**. ئىسلام دىنىدا ھايا ئەخلاقىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، تەقۋادارلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان، ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسى 'بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق' دېيىشتۇر. ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋىنى بولسا يولدا كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر. ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بىر ئادەمنىڭ ناچار ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتقانلىقى ياكى ئۇنى قىلىپ قويغان ۋاقىتتا چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئويغاق، تەبىئىتىنىڭ پاك، تازا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك، بىرەرسىنىڭ پەس، گۇناھ ئىشلارنى ھايا قىلماستىن قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى قارا، ئەخلاقسىز، ناچار ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مۇسۇلمان بولغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ـ سۈپەتلىرىنى ھەقىقىي تونۇشى، ھەرقاچان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىپ، دىنىنىڭ ئاساسلىرى ۋە ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىشى ھەمدە ئىماننىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز ئەمەللىرىنى تۈزىشى ئەنە شۇ ھايانىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇ بىزگە شۇ كىشىنىڭ ئىماننىڭ قىممىتى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جانابىي رەسۇلۇللاھ قەلب(يۈرەك ياكى ۋىجدان)نى ئىسلاھ قىلىشقا تەرغىب قىلىپ، **"قەلب تۈزەلسە پۈتۈن ئەزا ياخشى بولىدۇ، ئەگەر قەلب بۇزۇلسا بارلىق بەدەن بۇزۇلىدۇ"**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان) دەيدۇ. چۈنكى بارلىق ئەزالار كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ. ئىرادىنىڭ مەنبەسى ۋە مەركىزى قەلبتۇر. قەلب، ۋىجدان ياخشى بولسا ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى خالايدۇ. ئەگەر قەلب بۇزۇق، ۋىجدانسىز بولسا يامان، ناچار ئىشلارنى قىلىدۇ. بەدەن قەلبنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلايدۇ. شۇڭا قەلبنى ھەر تۈرلۈك يامان نىيەت ۋە ناچار غەرەزلەردىن پاكلاش ئىنتايىن مۇھىم. قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ

ئەڭ ياخشى يولى ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، غەزىپىدىن قورقۇش، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا بارلىق ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە ئەمەللىرىنى شۇنىڭغا لايىقلاشتۇرۇش، يەنى ئاللاھتىن ھايا قىلىشتىن ئىبارەت. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە ھايا ئەخلاقنىڭ ئاساسى ۋە ئىماننى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم يولى سۈپىتىدە كۆپ تەكىتلەنگەن. ھايا ئومۇمەن بەندىنىڭ ئاللاھتىن ھايا قىلىشى ۋە شۇ ئاساستا تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ھايا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## بەندىنىڭ ئاللاھتىن ھايا قىلىشى

ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەن نەدىن كەلدىم، نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىم، نەگە بارماقچىمەن؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىدىن سوراپ، ئۇنىڭغا لايىق جاۋاب تېپىش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىزدىنىش مەسئۇلىيىتى بار. ئەقىل ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغان ئىنساننىڭ يۇقىرىدىكى سوئاللاردىن غاپىل ھالدا، باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش يېيىش-ئىچىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىلەنلا ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشى تولىمۇ نومۇس ئىشتۇر. ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ سىرىنى، ھاياتىنىڭ غايىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنى بىلمەسلىكى كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان ئەڭ چوڭ جاھالەتتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار"**{سۈرە «جاسىيە» (45-سۈرە)، 2-5-ئايەتلەر}.

ئىنسان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن (نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنى ئاڭلىشى، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرۈشى، ئىشلارنىڭ ھېكمىتىنى، ھەقىقەتنى بىلىشى ئۈچۈن) ئاڭلىيالايدىغان، كۆرەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان ۋە سۆزلىيەلەيدىغان ئۇلۇغ مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىلغان تۇرۇپ، ئۆزىنى ياراتقان زاتنى تونۇماسلىقى ياكى تونۇغان تەقدىردىمۇ ئاللاھتىن ھايا قىلماستىن ئۆز نەپسى-خاھىشلىرىغا بېرىلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئازغۇنلۇق ۋە چوڭ مەغلۇبىيەتتۇر.

ھەربىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىغا ئۇلارنىڭ ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىنسان ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپ، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئاللاھ تائالا مۆئمىن بەندىلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ھېسابسىز نېمەتلەرگە نائىل بولىدىغان تۇرۇقلۇق ئاللاھتىن قانداقمۇ ھايا قىلمىغۇلۇق، ئاللاھقا قانداقمۇ ئاسىيلىق قىلغۇلۇق؟! شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىكى ھەققى چوڭدۇر. ئەگەر ھەربىر ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بولسا چوقۇم ئىختىيارسىز ھالدا ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرىغان، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتىن خىجىل بولغان بولاتتى. ئەمما بەزى ئىنسانلار كۆڭلى تارتقان ئىشنى قىلىپ ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشنى بەخت دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. لېكىن ھەقىقىي بەخت-سائادەت نەپسنى قاندۇرۇش ئەمەس، چۈنكى بۇ نەرسىلەر تېز يوقالغۇچى نەرسىلەردۇر، بۇ دۇنيا ۋاقىتلىق تېرىقچىلىق سورۇنىدۇر. دۇنيا ھاياتىغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىش ئىنساننىڭ ھاياتىنى داغلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا ئىنساننى ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشى بىلەن ئېرىشىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەت توغرىسىدىكى ئىشەنچ، خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇڭا

قەلبىنى پاكلاپ، خاتالىقلار ۋە پەس ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىغىچە بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ھايانى يوقاتقان ئادەم ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ۋە گۇناھ ئىشلاردىن تەپتارتمايدۇ، گۇناھ ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىماننىمۇ يوقىتىدۇ، يەنى ئىنسان ھايانى يوقىتىپ قويغاندا، يامانلىققا چوڭقۇر پېتىپ، تېخىمۇ رەزىللىشىپ ئاخىر ئەڭ پەس دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ. مۆئمىن ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ راستلىقى، شۇ ئادەمدە ھايانىڭ بار-يوقلىقىدا ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش تۇرالماسلىقىدا سىنىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"(ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشتىن) قورققان ئادەم ياخشى ئەمەل(ئىگىسى)دۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار"** {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 189-ئايەت}.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئاللاھتىن لايىق رەۋىشتە ھايا قىلىڭلار"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان) دېگەن. بۇ نەسىھەت ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن ئەدەپلىرى ۋە پەزىلەت يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇسۇلمان بولغۇچى ئاللاھتىن قورقۇشى، ئاللاھنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرۇشى، ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىشى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇشى، دۇنيا ھاياتىنىڭ ساختا ھاۋايى-ھەۋەسلىرى بىلەن ئالدىنىپ قالماسلىقى، ياخشى ئىشلارغا ئالدىرىشى ۋە ھەرخىل يامان قىلمىشلاردىن يېنىشى كېرەك. دېمەك، راستچىل ۋە چوڭقۇر ئىمان، دائىم ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش ۋە ئۈزلۈكسىز قىلىنغان ياخشى ئەمەل ئاللاھتىن ھايا قىلىشنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ ئۆز رەببىگە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

## ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە بىر-بىرىدىن ھايا قىلىش

مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى قەلبتىكى ئىمان ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان دىن بولۇپ، كىشىلەردىن ئىنساپ، ۋىجدان تەلەپ قىلىدۇ. ئىمان-ئېتىقاد ئۆز نۆۋىتىدە ئەخلاقنىڭ يادروسى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى تۈزەيدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۆھپە قوشىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىماننىڭ يادروسى ھايا، ئىمانلا بولۇپ ھايا بولمىسا، ئېغىزدا ئىمان ئېيتقان بىلەن ئەخلاق، ھايادىن چەتنەپ كەتسە، بۇنداق ئىمان قۇرۇق ئىمان بولۇپ ئۆزىنىڭ تۈپ قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر"** {سۈرە«ھۇجۇرات»(49-سۈرە)، 13-ئايەت}.

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تەقۋادار بولغانلار كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. تەقۋادارلاردىن بولۇش، كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلىش، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىش لازىم. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توي قىلمىغان قىزلاردىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى. ئەگەر يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ قالسا، بىز ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ھەممىنى چۈشىنەتتۇق" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ھايا قىلىش ۋە ياخشى ئەمەل كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى، ھەقىقىي ئادىمىيلىكنىڭ بەلگىسى ۋە ھەربىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھاياسىزلىق ھەرقانداق ئىشتا ئەيىبتۇر، ھايا ھەرقانداق ئىشقا زىننەتتۇر"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ھايا ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچىدۇر، ئۇ ھەر ئىشنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. ھايا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ھارام ئىشلاردىن ساقلاپ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش، كىشىلەر ئارا مۇئامىلىدە كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشتەك ياخشى ئەمەللەرگە يېتەكلەيدۇ.

## ھايا كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسىدۇ

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم

مۇنداق دېگەن: "شۇبھىسىزكى، ئەگەر ئاللاھ بىرەر بەندىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن ھايا تارتقۇزىۋېلىدۇ. ھايا تارتقۇزىۋېلىنسا ئۇنى غەزەپ قىلغۇچى، غەزەپ قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچرىتىسەن، غەزەپ قىلغۇچى ۋە غەزەپ قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچراتساڭ، ئۇنىڭدىن ئامانەت تارتقۇزىۋېلىنىدۇ، ئامانەت تارتقۇزىۋېلىنسا ئۇنى پەقەت خىيانەت قىلغۇچى، خىيانەت قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچرىتىسەن. ئۇنى پەقەت خىيانەت قىلغۇچى، خىيانەت قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچراتساڭ، ئۇنىڭدىن رەھىمدىللىك تارتقۇزىۋېلىنىدۇ. رەھىمدىللىك تارتقۇزىۋېلىنسا ئۇنى پەقەت قوغلاندى، لەنەت قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچرىتىسەن، پەقەت قوغلاندى، لەنەت قىلىنغۇچى ھالەتتە ئۇچراتساڭ، ئۇنىڭدىن ئىماننىڭ بويۇنتۇرۇقى تارتقۇزىۋېلىنىدۇ"(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). ھەدىستە پەسلىكنىڭ ھايانى يوقىتىش بىلەن باشلىنىپ ئەڭ يامان ئاقىۋەتلەر بىلەن ئاخىرلىشىشتىن ئىبارەت ھەرقايسى باسقۇچلىرى تەپسىلىي ئېچىپ بېرىلگەن. كىشىنىڭ ھايا چۈمبىلى يىرتىلسا، قىلغان ئىشلىرىدا ئەيىبلەشتىن قورقۇپ قالمايدۇ، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزىدۇ، بۇنداق ئادەملەرنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇ كىشىلەر قەلبىگە ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك سالىدۇ. ھايانى يوقاتقان كىشى ئامانەتنى يوقىتىدۇ. ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ كەينىدىن چاپىدىغان، نەپسىنى قاندۇرۇش يولىدا نازۇك، پاك تۇيغۇلىرىنى چەيلەپ نابۇت قىلىدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ بىراۋنىڭ مال-مۈلۈكىنى قىلچە ئىچ ئاغرىتماستىن قاقتى-سوقتى قىلىدۇ، ئاجىزلارغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ، نومۇسسىزلارچە ياشاۋېرىپ ئۇنىڭغا كۆنۈپ كېتىدۇ-دە، ئۆزىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان، تېخىمۇ ئازدۇرىدىغانلىرىدىن باشقىنى تونۇمايدۇ، كىمكى بۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسا دىنى رىشتە ئۈزۈلۈپ، ئىسلام دائىرىسىدىن چىققان بولىدۇ.

ھايالىق كىشى"مەن ئاللاھنى كۆرەلمىگىنىم بىلەن ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ" دەپ ئاللاھتىن ئەيمىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ غەزىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقىدۇ. چۈنكى ئاللاھقا ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىغان كىشى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان، دىنى، ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، شېرىكتىن، گۇناھ-مەئسىيەتتىن قاچىدىغان، پاسىقلىقتىن، مۇناپىقلىقتىن، خىيانەتتىن، ئاللاھنى نارازى قىلىشتىن قورقىدىغان كىشىلەرلا ھايانىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىپ، پاك، دۇرۇس ياشاشقا تىرىشىدۇ.

## ھايا كىشىلەر ئارا ياخشىلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ

ياخشى ئەمەللەر ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىشى، ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن ئەيمىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، بۇ روشەن ھەقىقەت ۋە كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندا "ئىشەنگۈچىلەر" ۋە "ياخشى ئىش قىلغۇچىلار" دېگەن سۆزنى بىرگە تەكتلىگەنلىكمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر. بۇ دېگەنلىك ئىشىنىش بىلەن ئەمەل قىلىش ئايرىلمايدۇ، ياخشى ئەمەل ئىماننىڭ ئىپادىسى. ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن ئۇ بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار — ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر**" {سۈرە«بەييىنە»(98-سۈرە)، 7-ئايەت}؛ "**(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن**"{سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 25-ئايەت}.

ھايا قىلىش ھەقىقىي ئىمان، ئىبادەت، ئەمەل، ئىلىم ئۆگىنىش، ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئىمان ۋە ئىبادەت ئىنسان قەلبىنى ماددىنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يۈكسەك مەنىۋى ھاياتقا يېتەكلەيدۇ. يەنى ئىبادەت ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىنى باغلايدۇ، ئىنسانغا ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئۇلۇغلۇقىنى ئەسلىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئەيمىنىدۇ، ئاللاھ بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئادا قىلىدۇ، نەپسىگە ھاكىم بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ.

ھايا بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم:

"ئەخلاق دەرەخ، بىلىم مېۋە، دەرەخ بولمىسا مېۋە بولمايدۇ" دېگەن. دېمەك، بىلىملىك ھەم ئەخلاقلىق ئادەم ھۆرمەت تەختىدىن، سائادەت گۈلىستانىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. نادان بىرەر ياخشىلىقنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، بىلىمسىزلىكتىن گۇناھ قىلىپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىشى مۇمكىن. ئالىم بولسا ئىلىمنىڭ نۇرى بىلەن ھىدايەت ۋە ھەق يولنى تېپىپ ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئىلىمسىز ھالدا ئاللاھنىڭ كالامى توغرىسىدا سۆزلەش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئۈستىدىن پەتىۋا بېرىش ئۇچىغا چىققان نادانلىق ۋە ھاياسىزلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، 'پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشقا) ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى"**{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 33 ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن كەسكىن دەلىل ۋە روشەن چۈشەنچە بولمىغاندا، دىن توغرىسىدا ئىلىمسىز سۆزلەشنىڭ ھاراملىقىنى ۋە ئاللاھتىن ھايا قىلمىغانلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ"** {سۈرە«فاتىر»(35 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}


بۇ ئايەتلەردە ئالىملار ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى چۈشىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھتىن ئەيمىنىش بىلەن تەرىپلەنگەن. بىلىم ۋە ئەقىل ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك شاراپەت، ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ـ قۇۋۋەتتۇر.

ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانى سۆيۈشى ھەقىقىي تەقۋادارلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالانى دوست تۇتۇش ئەخلاقىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى. ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىزنى يامانلىق سادىر بولمايدىغان پاكىزە روھقا ئىگە قىلىدۇ، ھەتتا بىزنى بارلىق مەخلۇقاتلارغا "بۇ مېنىڭ رەببىم ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقان نەرسىلىرى" دەپ مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان ھالەتكە يەتكۈزىدۇ. بۇ تونۇش پەقەت بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىز پاك، سۈزۈك بولۇپ، بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى بۇزىدىغان، ئىنسانلارنى بەختسىز قىلىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، ئىنتىقام، ھەسەت ۋە باشقا پەسكەش، ناچار قىلىقلاردىن يىراق بولغاندىلا ئاندىن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئەيمىنىش بولمىسا، ئىنسان ئۆزىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىدۇ، كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىدۇ، يامانلىقنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق كىشىلەرگە ھەتتا قانۇننىڭ چەكلىمىسىمۇ كار قىلمايدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن سادىر بولۇۋاتقان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسانىيەت ۋە ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. يىراقنى كۆزلىگەندە، ئېتىقاد، ئەخلاق، ھايا تەربىيەسىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاشتىكى رولىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم"** دېگەن(ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك رەھبىرى، كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى، زالالەتنىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقىقىدىن قۇتقۇزغۇچى نۇردۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۈلگە قىلىپ، كىشىلەرنى قانائەتچان، تەقۋادار، ھايالىق بولۇشقا، توغرا يولدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇش ۋە ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا ھېرىسمەن بولۇشقا، يامانلار بىلەن ئارىلىشىشتىن، پاسىق ـ گۇناھكارلار بىلەن دوست بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنداقلا ھەقىقىي بايلىقنىڭ مال ـ دۇنيا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى گۈزەللىكى ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەربىيەگە زور ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەخلاقىي تەربىيەنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا چوقۇم ئائىلە، مەكتەپ، مەسچىت ۋە جامائەت سورۇنلىرى قاتارلىق ئەخلاق تەربىيەسى بۆشۈكلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)



# ئىمام مالىكنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**يۇسۇپجان سەمەت**

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى فىقھە ساھەسىدە چاقنىغان تۆت يۇلتۇز — ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللەرنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەردە دېيىلىشىچە، ئۇ ھىجرىيە 93 ـ يىلى تۇغۇلغان. بەزىلەر: ئۇ ھىجرىيە 90 ـ يىلى تۇغۇلغان دېسە، يەنە بەزىلەر: ھىجرىيە 94 — 95 ـ يىللىرى تۇغۇلغان، دەيدۇ؛ ھەتتا ئۇنى ھىجرىيە 98 ـ يىلى تۇغۇلغان دەيدىغانلارمۇ بار، قانداقلا بولمىسۇن، ئىمام مالىك ھىجرىيەنىڭ تۇنجى ئەسىرىدە دۇنياغا كەلگەن(سۇيۇتى: «تەزيىنۇل مەمالىك»، 7 ـ بەت). ئەمما ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايىغا نىسبەتەن، پۈتۈن جۇمھۇر ئۇلىمالار بىردەك ئۇنى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۇغۇلغان، دەپ قارايدۇ. ئۇ مەدىنەنىڭ شىمالىدىن 32 فەرسەخ(يەنى 192 كىلومېتىر) يىراقلىقتىكى ۋاھە(قۇملۇقتىكى بوستانلىق ۋاھە دېيىلىدۇ) ـ زۇلمەرۋە دېگەن يەردە تۇغۇلغان. كېيىن دادىسى ئۇنى مەدىنە شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان(«مالىك ئىبنى ئەنەس» ناملىق كىتاب؛ 19 ـ بەت). ئىمام مالىكنىڭ دادىسى، بوۋىلىرى، تاغىلىرى پەزىلەت ۋە ئىلىم ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بوۋىسى مالىك زامانىسىدا ھىجرەت قىلغان. ئىمام مالىكنىڭ دادىسى، ئۈچ تاغىسى ئىلىم ھېرىسمەنلىرى ئىدى، ئۇلار بوۋىسى مالىكتىن ئىلىم رىۋايەت قىلاتتى. بۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى ئەبۇ سۇھەيل نافىئ بولۇپ، بۇ ئادەم ئىبنى شىھاب زۇھرىينىڭ ئۇستازلىرىنىڭ بىرى، دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن. ئىبنى شىھاب زۇھرىي ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان(«فەتھۇل بارىي»، 4\80). ئۇنىڭ(يەنى ئىمام مالىكنىڭ) مالىك ئىسىملىك بوۋىسى تابىئىنلارنىڭ چوڭ ئۇلىماسى ئىدى. ئۇنىڭ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىلمىي ئىتتىپاقى بولغان، ئۇ ئوسمان ئىبنى ئەففان قۇرئاننى جەملىگەندە ئۇنىڭ كاتىبلىرىدىن بولغان؛ قۇرئاننى قەلەمگە ئالغان(«تارىخ تەبەرى»، 5\144). بۇ ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، ئادىل خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز زامانىسىغىچىلىك ياشىغان. خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۇنى مەسلىھەت ئىشلىرىغا سالاتتى. ئىمام مالىك ئۆسۈپ يېتىلگەن ئائىلە

مۇسۇلمان ئالىملار

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ئائىلە ئىدى. ئىمام مالىك ئۆزىمۇ توقسان ياشقىچىلىك ياشىغان. ئاللاھ بۇ ئائىلىگە ئۆمۈرنى بەرىكەتلىك قىلىپ بەرگەنىدى. بۇ ئائىلە ئىلمي مۇھىت بىلەن تولغانىدى، ئىمام مالىكنىڭ كىچىكىدىنلا ئىلىمگە كىرىشىگە تۈرتكە بولغانىدى، ئىمام مالىكنىڭ بىر ئاكىسى بار بولۇپ، ئۇ ئىلىمگە ئىمام مالىكتىن بۇرۇن كىرىشكەن. ئۇنىڭ ئىسمى نەزەر ئىبنى ئەنەس. ئۇ ئىلىمنى سۆيەتتى، فىقھەشۇناسلارنى ياخشى كۆرەتتى، دائىم ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىمام مالىك ”نەزەرنىڭ قېرىندىشى“ دەپ تونۇلغان، ئەمما كۇنلەرنىڭ ئۆتىشى، ئۇنىڭ ئىلمي شۆھرىتىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، نەزەر ”ئىمامَ مالىكنىڭ قېرىندىشى“ دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ئەمما بۇلار ئىمام مالىكنىڭ ئىلىمگە كىرىشىدىكى تاشقى سەۋەبتىن ئىبارەت، خالاس.

ئاساسلىق سەۋەب بولسا، ئۇنىڭ كۆيۈمچان، مېھرىبان، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان ئانىسىنىڭ رىغبەتىدىن ئىبارەت! ئىمام مالىكنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئالىيە بىنتى شەرىك ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى شەرىك. بۇ ئۇلۇغ ئانا باشقا ئانىلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئوغلى مالىكنى ياخشى تەربىيەلەشنى ۋە ئۇنى ئىلىملىك ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئۆزىگە پەرز، دەپ ھېسابلىغان. كىچىك ۋاقتىدا ئىمام مالىكنىڭ ئىلىمگە ئۇنچە رىغبىتى يوق ئىدى، باشقىلاردەك ناخشا ـ مۇزىكىغا قىزىقىپ قالغان ئىدى. لېكىن يىراقنى كۆرەر، تەقۋا ئانا ئۇنى ئىلىم ساھەسىگە قىزىقتۇرۇپ ئەكىرگەن. بۇنى ئەسلەپ ئىمام مالىك شۇنداق دەيدۇ: ”مەن چوڭ بولدۇم، بالىلىق ۋاقتىمدا مۇغەننىيلەر مېنى ئۆزىگە قىزىقتۇراتتى. ئانام ماڭا شۇنداق دېدى: ‘ئى ئوغلۇم! مۇغەننىي دېگەن ئىشى ياخشى بولماي قالسىلا ئۆزىنىڭ كەسپىنى تاشلايدۇ، سەن مۇغەننىيلەرنى قويۇپ، فىقھە ئىلمىنى ئۆگەنگىن!’ شۇنىڭ بىلەن مەن فىقھەشۇناسلارغا ئەگەشتىم، مېنى ئاللاھ سەن كۆرۈپ تۇرغان ئورۇنغا ئېرىشتۈردى“(«سىرھۇل ئۇيۇن»، 181 ـ بەت). بۇ ئانا ئۇنى ئىلىم يولىدىكى باللاردەك ياساندۇرۇپ، ئوقۇشتىن بۇرۇن ئىلىم ئەدەبىنى ئۆگىنىشكە ئۇنى رەبىيئە ئىبنى ئەبى ئابدۇراھماننىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن. كۆپ ئادەم ئىلىم ئالالىشى مۇمكىن، بىراق ھەممىسىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقتا كامالەتكە يېتىشى ناتايىن. بۇ تۇنجى ئەخلاق تەربىيەسى

ئىمام مالىكقا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئىمام مالىك ئىلىم يولىغا شۇ بىر كىرىپ كەتكەنچە، بۇ يولدىن كەينىگە قايتمىغان.

ئىمام مالىك مەدىنە شەھىرىدىن بولغانلىقى بىلەن تەلەيلىك شەخس، مەدىنە بولسا ئىسلام دىنىنىڭ، ئىسلام مەدەنىيەتىنىڭ ئاستانىسى، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ يولباشلىغۇچى نۇرلىرىنى مانا مۇشۇ دىياردىن تارقاتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى مۇشۇ مەدەنىيەتلىك شەھەردە ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر — مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئىمام مالىك دەۋرىگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە نۇرغۇن ئىلمي ھەلقىلەر بولغان. مەسىلەن: رەبىيئە ئىبنى ئەبى ئابدۇراھماننىڭ، ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ، نافىئنىڭ، ئىبنى شىھاب زۇھرىنىڭ، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىرنىڭ، جەئفەر سادىق ئىبنى مۇھەممەد باقىرلارنىڭ ھەلقىلىرى بولغان، ئىمام مالىك بۇلارغا قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولغان. رەسۇلۇللاھدىن كېيىنكى تەپسىرشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىق، فىقھەشۇناسلىق، ئومۇمەن، ئىسلام ئىلىملىرى مۇشۇ يەردە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانىدى. نۇرغۇنلىغان ساھابە، تابىئىنلار بۇنىڭغا، بۇ شەھەرنىڭ مەدەنىي گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشقانىدى. گەرچە بۇ يەردە ئاز ساندىكى قەدەرىيەلەر(ئىمام مالىك بۇلارغا رەددىيە يازغان) ۋە مۇغەننىيلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ شەھەرنىڭ شۇ دەۋردىكى ئىلمي نوپۇزىغا دەخلى قىلالمىغانىدى. قانداقلا بولمىسۇن، مەدىنە شەھىرى ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ مەركىزى، ئۆلىمالار توپلاشقان زېمىن ئىدى. بۇنى چوڭ بەخت دېمەي بولمايتتى.

ئىمام مالىك ئاكىسى بىلەن بىللە تۇنجى ئۇستازى رەبىيئەنىڭ يېنىغا بېرىپ تەلىم ئالغان، ئۇزۇن ئۆتمەي، مەلۇم ئىش سەۋەبلىك ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ يېنىغا بېرىپ تەلىم ئالغان، بۇ ئىلىم ئوقۇش ئىشى يەتتە يىلدەك داۋاملاشقان، كېيىن ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئىمام مالىك ئۇنى ئۆيىدىن مەسچىتكە، مەسچىتتىن ئۆيىگە ئەكىلىپ قوياتتى. ئىمام مالىك بۇ يەتتە يىل جەريانىدا باشقا ھېچقانداق ئۇستازنىڭ يېنىغا بارمىغان، بۇ ئۇستازىدا مەخسۇس تەلىم ئالغان. بۇ ھەقتە ئۇ شۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئىبنى

ھۇرمۇزنىڭ يېنىغا سەھەردىلا كېلىۋالاتتىم؛ كەچ بولۇپ كەتمىگۈچە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتىم». ئىمام مالىكنىڭ بۇ ئۇستازى مەخسۇس ئۇستازلىقتا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇستازى ھەمماد ئىبنى ئەبى سۇلايمانغا ئوخشايدۇ؛ بىراق، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئەبۇ ھەنىفە ئوقۇش جەريانىدا باشقا ئۇستازلارنىڭمۇ يېنىغا بېرىپ تۇرغان، ئىمام مالىك ئۇنداق قىلمىغان. ئىمام مالىك ئىلىمگە بەكمۇ ئىشتىياق باغلىغانىدى، ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازاتگەردىسى نافىئنىڭ بوش ۋاقتى بولسىلا ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭغا ئىلىمسىز ئۆتكەن كۈن راھەت بىلىنمەيتتى، ھەتتا ھېيت كۈنى بولسىمۇ ئىلىم ئالمىسا، ھېيت بولغاندەك بولمايتتى. ئۇ ھېيت كۈننى ھېيت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ كۈندە ئۇستازلارنىڭ باشقا كۈنگە قارىغاندا يالغۇز قالىدىغانلىقى، شۇڭا ئىلىم ئۆگىنەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن كۈتەتتى. بىر قېتىم مۇنداق بولغان: ھېيت كۈندە ئۇ ئىبنى شىھابنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىك قاققان، ئىبنى شىھابنىڭ دېدەكى: «مالىك كەپتۇ» دېسە، ئۇنى كىرگۈزگەن:

— سەن ھېيت قىلمىدىڭمۇ؟

— ياق.

— بىر نەرسە يېدىڭمۇ؟

— ياق.

— بىر نەرسە يەۋال.

— يېگۈم يوق.

— نېمە قىلغۇڭ بار؟

— ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەرسىڭىز! ـ ئىبنى شىھاب ئۇنىڭغا قىرىق ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مالىك بۇلارنى يېزىۋېلىپ:

— كۆپرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز، ـ دەيدۇ،

— مۇشۇلارنى يادلاپ بولساڭمۇ، زور ئىش.

— مەن بۇلارنى يادلاپ بولدۇم، ـ دەيدۇ مالىك ۋە قولىدىكى خەت يازىدىغان تاختىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، تولۇق يادلاپ بېرىدۇ. ئىبنى شىھاب ئۇنىڭغا شۇنداق دەيدۇ:

— سەن ئىلىمنىڭ قاچىسى كەنسەن!(«تەرتىيبۇل مەدارىك»، 1\9).

ئىمام مالىك رەبىيئە رەي، ئابدۇللا ئىبنى ھۇرمۇز، نافىئ(ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازاتگەردىسى)، ئىبنى شىھاب زۇھرىي، ئىمام جەئفەر سادىق، يەھيا ئىبنى سەئىيد، ئەبۇ زەناد، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ئۇرۋە ئىبنى يەھيا قاتارلىق ئۇستازلاردىن تەلىم ئالغان.

رەبىيئە رەي: ئۇ رەبىيئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇرراھمان بولۇپ، ئىمام مالىكنىڭ تۇنجى مەدىنەلىك فىقھە ئۇستازى، ئىمام مالىك كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تەلىم ئالغان، ئۇ مالىككا فىقھە، ھەدىس، ئەدەپ ـ ئەخلاق قاتارلىقلاردىن دەرس بەرگەن. بولۇپمۇ فىقھە ئىلمىدىن كۆپرەك بەرگەن. ئىمام مالىك شۇنداق دەيدۇ: «مەن فىقھە ئىلمىنىڭ لەززىتىنى رەبىيئە ئىبنى ئەبى ئابدۇراھماننىڭ ئۆلىمىدىن بىرى تېتىپ كېلىۋاتىمەن» («باغداد تارىخى»، 8\421) مالىك ئۇنىڭدىن كۆپ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. ئۆزىنىڭ «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق ھەدىس كىتابىغا ئۇنىڭ ئاز بولمىغان ھەدىسلىرىنى كەلتۈرگەن. كېيىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق پىكرىي ئىختىلاپ يۈز بەرگەن. مالىك باشقا ئۇستازلاردىن تەلىم ئالغان.

ئابدۇللا ئىبنى ھۇرمۇز: ۋاقىت تەرتىپى بىلەن بۇ ئادەم ئىمام مالىكنىڭ ئىككىنچى ئۇستازى دەپ سانالسىمۇ، بىراق ئىلمى نۇقتىدىن ئۇنىڭ بىرىنچى ئۇستازى، يەنى ئاساسلىق ئۇستازى، دەپ قارىلىدۇ. ئىمام مالىك ئۇنىڭدىن 7~8 يىل تەلىم ئالغان. بۇ جەرياندا باشقا ھېچقانداق ئۇستازنىڭ يېنىغا بارمىغان؛ كېيىن باشقا ئۇستازلارنىڭ يېنىغا بېرىپ تەلىم ئالغاندىمۇ، ئۇنى تاكى 30 يىلغىچىلىك ئىزدەپ، پىكىرلىشىپ تۇرغان. بۇ ئادەمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇ بەكرى ئابدۇللا ئىبنى يەزىد بولۇپ، «ئىبنى ھۇرمۇز» نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇ ھىجرىيە 148 ـ يىلى ئىمام مالىك 55 ياشقا كىرگەندە مەدىنەدە ۋاپات بولغان. ئۇ ئازاتگەردە بولۇپ، گەرچە ئىمام مالىك يەرلىك ئەرەبلەردىن بولسىمۇ، نەسەب، مال، مىللەت ئايرىمايدىغان ئىسلام دىنىنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇنىڭدىن شۇنچە ئۇزۇن تەلىم ئالغان. ئۇ توكۇر ھەم گاس ئىدى، لېكىن ئىلمى پائالىيەتلىرى بۇ ئەيىبلەرنى يېپىپ كەتكەن. ئۇ مەدىنەدىكى يەتتە چوڭ فىقھەشۇناسنىڭ بىرى، ئۇلار: رەبىيئە، ئىبنى شىھاب، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئەبۇ زەناد(شىيرازى: «تەبەقاتۇل فۇقەھائ»، 37 ـ بەت) قاتارلىقلار. ئىبنى ھۇرمۇز ئىلىمدە توشقان، پەزىلەتلىك شەخس ئىدى. كۆپ ھەدىس بىلەتتى. سۈننەتكە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. لېكىن ئىمام مالىك ئېھتىياتەن ئۇنىڭدىن ئاز ھەدىس نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ زاتنىڭ ئىمام مالىككا بولغان تەسىرى زور

ئىدى. بۇنىڭغا بىر مىسال: ‹‹بىلمەيمەن›› دېيىش، كۆپ ئادەملەر، بولۇپمۇ ئالىملار ‹‹بىلمەيمەن›› دېيىشنى ھەقىر سانايدۇ، ئېغىر ئالىدۇ، ئەمما بەزى مەشھۇر زاتلار ئۇنداق قىلمىغان، ئىبنى ھۇرمۇز ‹‹بىلمەيمەن›› دېيەلەيتتى، ئىلگىرىكىلەردىن بولسا ئۆمەر فارۇقمۇ ‹‹بىلمەيمەن›› دېگەن؛ ‹‹ھۆججەتۇل ئىلىم›› دەپ ئاتالغان ئابدۇللا ئىبنى ئابباسمۇ بىلمەيدىغان مەسىلە ئۇچرىسا ‹‹بىلمەيمەن›› دېگەن؛ ‹‹ئىلىمنىڭ قاچىسى›› دەپ نام ئالغان ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلغان. مانا بۇ ئېسىل پەزىلەت.

نافىئ دەيلىمى: بۇ كىشىمۇ مەشھۇر ئۆلىمالاردىن، فىقھەشۇناس ۋە مۇھەددىس. ئىمام مالىك ياز كۈنلىرى قاتتىق ئىسسىقتىمۇ كوچىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئىمام مالىكنىڭ بۇ زات بىلەن بولغان ئىلمى پائالىيىتى تاكى بۇ زاتنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغۇچە بولغان، شۇنداق بولۇپ قالغاندا، ئىمام مالىك ئۇنى ‹‹بەقىئ››تىكى ئۆيىدىن مەسجىدىن نەبەۋىيگە، ئۇ يەردىن ئۆيىگە يېتىلەپ ئەكىلىپ قوياتتى. بۇ زاتنىڭ ئەسلى ئىسمى نافىئ ئىبنى سىرجىس بولۇپ، ئەبۇ ئەبدۇللا دەيلىمى دەپمۇ لەقەبلىنىدۇ، ئۇ ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازاتگەردىسى. بۇ ئادەم كەمسۆز، كەمتەر ئىدى. بۇ زات فىقھە ۋە ھەدىس ئىلمىگە ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، بەشىنچى ئىزباسار خەلىپە دەپ ئاتىلىدىغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۇنى سۈننەتلەرنى ئۆگىتىشكە مىسىرغا ئەۋەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا ئىلمى تەربىيەنى ئوبدان بەرگەنىدى. ئۇ زېرەك، ئەقىللىق ئىدى. ئىبنى ئۆمەردىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەبۇ سەئىد خۇدرىيدىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن ھەدىس ئۆگەنگەنىدى. نافىئ ‹‹مەدىنىنىڭ فەقىھى›› دەپ نام ئالغان. بۇ زاتتىن ئىمام ئەبۇ ھەنىفەمۇ تەلىم ئالغان.

ئىبنى شىھاب زۇھرىي: ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىمام مالىكنىڭ ئۇستازى بولۇپ، ئىبنى شىھاب زۇھرىي دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇ مەدىنىلىك. ئۇ ئانا تەرەپتىن رەسۇلۇللاھنىڭ بوۋىسى زۇھرەگە مەنسۇب. ئۇ كىچىك تابىئىن بولۇپ، بەزى ساھابىلەرگە ئۇچراشقان ۋە ئۇلاردىن تەلىم ئالغان. ئۇ پەزىلەتلىك، ئىلىملىك زات. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭغا شۇنداق ئىشەنگەنكى، جايلارغا يازغان مەكتۇبىدا شۇنداق دېگەن: ‹‹سىلەر ئىبنى شىھاب زۇھرىينى چىڭ تۇتۇڭلار، سىلەر سۈننەتكە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك بىرىنى تاپالمايسىلەر!››

ئۆمەر يەنە ئۇنىڭغا ھەدىسلەرنى رەتلەشنى بۇيرۇغان، چۈنكى ئىبنى شىھاب زۇھرىي ئۆلىمالار بىلەن بىللە يۈرۈپ ھەدىس ئۆگەنگەنلىرىدە ئۇنى سۇھۇپلارغا ۋە تاختىلارغا يېزىۋالغان ئىدى(«تەزكىرەتۇل ھۇففاز»، 1\106). ئۇ كۆپ قىرائەت قىلاتتى. ئىمام مالىك بۇ زاتتىن كۈچىنىڭ، ئىستىداتىنىڭ يېتىشىچە تەلىم ئالغان. ئۇنىڭدىن كۆپ ھەدىسلەرنى ئۆگەنگەن. ئىبنى قەييۇم ئۆزىنىڭ «ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين» ناملىق كىتابىدا ئىبنى شىھاب زۇھرىيدە مۇھەممەد ئىبنى نۇھ توپلىغان پەتىۋالار توپلىمىنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ فىقھە ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئىبنى شىھاب زۇھرىي ھىجرىيە 124 ـ يىلى ھىجاز بىلەن پەلەستىن چېگرىسىدىكى شەغەب دېگەن يۇرتتا ۋاپات بولىدۇ.

جەئفەر سادىق: بۇ زاتمۇ ئىمام مالىكنىڭ ئۇستازى بولۇپ، ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن. مەدىنىلىك. بۇ زات تەقۋا، پەزىلەتلىك، كەڭ قورساق، ئىلىملىك ئىدى. ئۇ ــ ئەھلى بەيتتىن. بەزى شىئەلەر بۇ ئادەمنى ‹‹ئىنسانلار تاكى قىيامەتكىچىلىك ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان›› «كىتابۇل جىفرى» ناملىق كىتابنى يازغان، دەپ قارايدۇ. بۇ كىتاب 500دىن ئارتۇق خىمىيەۋىي مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ كىتابنى بۇ زاتنىڭ شاگىرتى جابىر ئىبنى ھەييان تۈزگەن. ئىمام جەئفەر شىئەلەرگە زىت ھالدا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەرلەرنىڭ خەلىپىلىكىنى ئەتىراپلايتتى. ئۇلار توغرىسىدىكى پىتنىلەرگە رەددىيە بېرەتتى. ئۇنىڭ ئەبۇ بەكرى بىلەنمۇ تۇغقاندارچىلىقى بار. ئىمام مالىك ئۇنىڭدىن ھەدىسلەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ بۇ توغرىسىدا شۇنداق دەيدۇ: ‹‹مەن جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدنى تەبەسسۇم ھالىتىدە كۆرەتتىم، ناۋادا ئۇنىڭ ئالدىدا رەسۇلۇللاھ تىلغا ئېلىنىپ قالسا سارغىيىپ كېتەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن تەلىم ئالدىم. ئۇ ئۈچ خىسلەت ئىگىسى ئىدى: كۆپ ناماز ئوقۇيتتى، كۆپ روزا تۇتاتتى، كۆپ قۇرئان ئوقۇيتتى. مەن ئۇنىڭ تاھارەت ئالماي ھەدىس سۆزلىگىنىنى كۆرمىدىم. ئۇ خالمايدىغان نەرسە ھەققىدە ئېغىز ئاچمايتتى. ئۇ ئاللاھدىن قورقىدىغان، تەقۋا، زاھىد كىشى ئىدى››. ئىمام مالىك ئۆزىنىڭ «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق كىتابىغا ئۇ دەپ بەرگەن ھەدىسلەرنى كىرگۈزگەن. بۇ شەخسنىڭ تەسىرى ئىمام مالىكقا زور بولغان. بۇ زاتتىن ئەبۇ ھەنىفەمۇ تەلىم ئالغان، ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە

تەك تەلىم ئالغان ئۇستازلار سۇفيان سەۋرى، ئىبنى ئۇيەينە، شۇئبە ئىبنى ھەججاج ۋە باشقىلارمۇ بار.

مانا بۇلار ئىمام مالىكقا تەسىرى بىر قەدەر زور بولغان ئۇستازلار، ئەمما ئۇ يەنە باشقا ئۇستازلاردىنمۇ تەلىم ئالغان. مەسىلەن، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، ئۇ مەدىنەنىڭ قازىسى بولغان، ئۇ كېيىن ئىراققا بارغان. بۇ زاتنىڭ پىكرى رەبىيئەنىڭكىدەك بولۇپ، بۇلار رەي ئەھلىگە مايىل ئىدى. بۇ زات كاتتا ئالىم بولۇپ، مەدىنەدىكى يەتتە ئالىمدىن دەرس ئالغان؛ بولۇپمۇ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبدىن كۆپرەك تەلىم ئالغان. ئۇ ھەم زامانىسىدىكى فىقھە ئۆلىمالىرىدىن، مەدىنەدىكى زۇھرى، شامدىكى ئەۋزائى، كۇفەدىكى سۇفيان سەۋرى، مەككىدىكى سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان. ئۇ ئىلىمگە ئۆزىنى بېغىشلىغانىدى. ئىمام مالىك ئۇنىڭ مەجلىسىگە قاتناشقانلىقىغا خۇرسەن ئىدى. بۈيۈك ئالىم ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ئۇنىڭ ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: ”ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ساباتلىقى“. ئۇ ھىجرىيە 143-يىلى ۋاپات بولغان.

ئىمام مالىك يەنە ئابدۇللا ئىبنى زەكۋاندىن تەلىم ئالغان، ئۇ ”ئەبۇ زەناد“ دەپ ئاتىلىدۇ؛ ”ئەبۇ ئابدۇراھمان“ دەپمۇ لەقەبلىنىدۇ. ئۇمۇ ئازاتكەردە بولۇپ، ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىلىمگە ئىشىنىدىغان ئادەملىرىنىڭ بىرى سانىلاتتى. ئۆمەر ئۇنى ئىراقنىڭ خىراجەت ئىشلىرىغا ۋالىي قىلغان. ئۇ مول بىلىملىك، ئۆلىمالارنىڭ مەجلىسىدە كۆپ بولغان، يەتتە فىقھە ئالىمىغا ئۇچراشقان كىشى. ئۇنىڭ ئورنى، نوپۇزى چوڭ ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 130-يىلى ۋاپات بولغان.

ئىمام مالىك مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىردىنمۇ تەلىم ئالغان. ئۇ فىقھە ۋە ھەدىس ئالىمى، ئۇ مۇنكەدىر ئائىلىسىگە تەۋە، بۇ ئائىلىدىن داڭلىق تۆت كىشى چىققان، ئۇلار: مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، رەبىيئە ئىبنى مۇنكەدىر، ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇنكەدىر، ئۆمەر ئىبنى مۇنكەدىر قاتارلىقلار. بۇ زات ئىمام مالىكقا تەقۋالىقتا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىمام مالىك بۇ توغرىسىدا شۇنداق دەيدۇ: ”قەلبىمنى قاساۋەت باسسا، ئىبنى مۇنكەدىرنىڭ يېنىغا كېلەتتىم ۋە ئۆزۈمگە بىر نەچچە كۈن نەپرەت نەزەرىدە قارايتتىم“. بۇ زاتتىن ئىمام مالىك نۇرغۇن ھەدىسلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن.

ئىمام مالىك ئۇستاز تۇتقان ئۇستازلار ھەرخىل ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ پىكرى ئۆتكۈر، بەزىلىرى سۈننەتكە چىڭ ئېسىلغان، بەزىلىرى ئىنتايىن تەقۋا ۋە دىلى ئۈزۈك ئىدى. بۇلار ئىمام مالىكتەك بۈيۈك فىقھە ئالىمىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

ئىمام مالىك خۇشتەبەسسۇم، كېلىشكەن، ئەقىللىق، كىيىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاپئاق كەلگەن كىشى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ ”ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى كىشىلەر ئۈستىدە، بولۇپمۇ ئەھلى ئىلىملەر ئۈستىدە جۇلا قىلىپ تۇرۇشى كېرەك، كەمتەرلىك، تەقۋالىق كىيىمدە ئەمەس، دىلدا بولىدۇ“ دەپ قارايتتى. ئۇ دائىم شۇنداق دەيتتى: ”بىز دىنىمىزدا، تەقۋالىقتا كەمتەر بولىمىز، كىيىمدە ئەمەس!“ ئۇ ئائىلە لازىمەتلىكلىرى، تالىبلارغا بولغان ئېھسانلارنىمۇ كەڭتاشا قىلاتتى. دائىم ئوقۇغۇچىلىرىنى تاماققا چاقىرىپ تۇراتتى(بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەنىفە ئىككىسى ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇمۇ جۈمە كۈنىدە ئوقۇغۇچىلىرىغا تاماق بېرەتتى). ئىمام مالىكنىڭ ئۆيىمۇ ياسىداق ئىدى، ياستۇقلار، دىۋانلار، بىساتلار مول ئىدى. مالىك تۇرغان ئۆيىنى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد تۇرغان ئۆي، دېگۈچىلەرمۇ بار. ئىمام مالىك دەسلەپتە پاختا رەخ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىجارەتكە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمىغان، ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر، مەھدى، رەشىد قاتارلىق ئابباسىيە سۇلالىسى خەلىپىلىرى ئۇنىڭ ئىلمى ھۆرمىتى ئۈچۈن مىڭلاپ دىنارلارنى، سوۋغا-سالاملارنى ئەۋەتكەن، ئىمام مالىك بۇلارنى قوبۇل قىلغان ۋە ھالال دەپ قارىغان. ئىمام مالىكنىڭ تۆت بالىسى بولغان، ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز. ئوغۇللىرى: مۇھەممەد، يەھيا، ھەمماد؛ قىزى: فاتىمە. قىزى فاتىمە ئىمام مالىكنىڭ قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلىم سۆيەر بولۇپ يېتىشىپ چىققان، «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق كىتابنى تولۇق يادلىغانىدى. ئۇ دادىسى مالىك پەتىۋا بېرىۋاتقاندا ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇراتتى ۋە خاتا دەپ قويغان يەرلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئىشىكنى چېكىپ ئەسكەرتەتتى، ئىمام مالىك تۈزۈتۈۋالاتتى.

ئىمام مالىك زاھىدلىق بىلەن ئىلىمنى بىرلەشتۈرگەن زات. ھىجرىيە 2-ئەسىر ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان مول ھوسۇللۇق دەۋر بولغان ئىدى،

بۇ دەۋردە ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي، ئەۋزائىي، سۇفيان سەۋرىي، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئىبنى شىھاب زۇھرىي، ئىبنى ھۇرمۇز، نافىئ، رەبىيئە رەي، ئەمرۇ ئىبنى دىنار، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن، ئەبۇ يۇسۇف، ئابدۇراھمان مەھدىي، جەئفەر سادىق، لەيس ئىبنى سەئىد، يەھيا ئىبنى سەئىد، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئىبنى ئەبى زەئب، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ ۋە باشقىلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلمى ۋە تەسىرى زور كىشىلەر ئىدى. بۇ دەۋردە ھەم نۇرغۇنلىغان زاھىدلار مەيدانغا كەلگەن، مەسىلەن: ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك، فەزىيل ئىبنى ئىياز، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، مالىك ئىبنى دىنار، داۋۇد ئىبنى نەسىر تائىي، مۇسئىر ئىبنى كىدام، ۋەھەب ئىبنى ۋەرد ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسئىر ئىبنى كىدام قۇرئاننى تەجۋىدلىك، ياخشى يادلىغانلىقى ئۈچۈن "مۇسھەف" دەپ، ھەدىسنى ناھايىتى ئىنچىكە رىۋايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن "مىزان" دەپ نام ئالغان(ئىبنى قۇتەيبە: «مەئارىف»، 165 ـ بەت). ئىمام مالىكنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئادىتى بار: ئۇ ئەگەر ھەدىس سۆزلىمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن غۇسلى قىلاتتى، ئاندىن ئەتىرلەرنى سېپەتتى، ئاندىن ساقىلىنى رەتلىك تارايتتى، ئاندىن "مەسجىدىن نەبەۋىي"نىڭ ياخشى جايىنى تاللاپ دەرس سۆزلەيتتى. ئۇ ياشنىپ ئاغرىپ قالغاندا دەرسنى ئۆيىدە سۆزلەيدىغان بولغان. ئىمام مالىك ئۆز قەدرىنى ساقلاشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى، ئۈچ خەلىپىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى يۈكسەك تۇتاتتى، ئۇ ئىنتايىن نوپۇزلۇق شەخس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ خەلىپە(مەنسۇر، مەھدىي، رەشىد) ئۇنىڭدىن بالىلىرىغا تەلىم بېرىشنى سورايتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ تەلىم ئېلىشىغا قوشۇلمايتتى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن يېنىشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىلىم بىر ئىبادەتنىڭ تۈرى بولۇپ، ئالدى بىلەن روھنى پاكلاش زۆرۈر ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئىلمىي بېخىللىقتىن ئەمەس ئىدى، بىر قېتىم ئۇ خەلىپىلەرنىڭ بىرىگە شۇنداق دېگەن: "ئىلىم سېنى ئىزدىمەيدۇ، سەن ئۇنى ئىزدەيسەن؛ ئىلىم يېنىڭغا كەلمەيدۇ، سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارىسەن!" رەشىد ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەلىم ئالغان. ئىمام مالىك مەھدىي بەرگەن 2000 تىللا(دىنار)نى ئالماي، باغداتقا بېرىشنى رەت قىلغان. ئۇ ئۆمرىدە ھىجازدىن ئايرىلمىغان. رەشىدنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇنى ئىزدەپ ئىلىم ئالماقچى بولۇپ بارغاندا، ئىشىكنى چەكسە ھېچكىم ئاڭلىماي قالغان، نەتىجىدە بۇ ئىككى شاھزادە بوسۇغىدا خېلى ئۇزۇن كۈتكەن. شاماللار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە توپىلارنى چېچىۋەتكەن. ئۇلار ئاخىرى كۈتۈۋېرىپ كېتىپ قالغان. ئىمام مالىكنىڭ شۆھرىتى ئەندەلۇس(ئىسپانىيە) گىچە يېتىپ بارغان، ئۇنىڭ ئىسپانىيەلىك شاگىرتلىرى «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق كىتابىنى شۇ يەرلەرگە ئاپارغان.

رەسۇلۇللاھدىن كېيىن "مەسجىدىن نەبەۋىي"دە ھەزرىتى ئۆمەر دەرس ئۆتكەن، ئۇ فىقھە ۋە ھەدىسلەردىن تەلىم بېرەتتى، كېيىن "يەتتە پېشىۋا" دەرس ئۆتكەن. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئىمام مالىكمۇ ئۆزىنىڭ ھەلقىسىنى قۇرغان. ئۇ ئىنتايىن ئېھتىياتچان، پىرىنسىپچان بولۇپ، مۇتلەق توغرا بولمىسا پەتىۋا بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى بىرەر مەسىلىگە جاۋاب بەرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى دوزاخ بىلەن جەننەتكە توغرىلاپ تۇرۇپ ئاندىن جاۋاب بەرسۇن!" مانا بۇ ئىمام مالىكنىڭ پەتىۋا بېرىش پىرىنسىپى ئىدى، ئۇ ئىلىمنى ئادەتتىكى ئىش، دەپ قارىمايتتى، ئۇنىڭچە بارلىق ئىلىملەر، شەرىئەتكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلار ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى؛ قىيامەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىدىغان ئەمەللەر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ كۆپلىگەن سوئاللارغا: "بىلمەيمەن!" دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىلىم تارىخىدا غەلىتە ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ، گاھىدا ئۇستاز شاگىرتىدىن تەلىم ئالىدۇ، دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىمام مالىك ئىبنى شىھابدىن تەلىم ئالغان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىمام مالىك پەيغەمبەر مەسچىتىدە ھەلقە



قۇرغاندا، بۇ زات ئۇنىڭ ھەلقىسىگە قاتناشقان ۋە سۆزلىرىگە قۇلاق سالغان(«ئىنتىقائ»، 13 ـ بەت). يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭ ئىمام مالىكتىن تەلىم ئالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەر ئازراق. يەھيا مەدىنەنىڭ قازىسى ئىدى، ئىشەنچلىك راۋى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچ يۈزدەك ھەدىسى بار. ئىمام مالىكنىڭ ھەلقىسىگە يەنە ئۇستازلىرىدىن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە قاتناشقان، ئۇ كەئبە ئەتراپىدىكى ھەلقىنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇ مەدىنەگە كەلگەندە پەيغەمبەر مەسچىتىدە بىر ھەلقە قۇراتتى؛ ئۇ ئالدى بىلەن مالىكنىڭ ھەلقىسىگە قاتنىشىۋېتىپ، ئاندىن ئايرىم ھەلقە قۇراتتى(«مەناقىبۇر رەۋاۋىي»، 9 ـ بەت). ئىمام شافىئىي ئىمام مالىك توغرىسىدا شۇنداق دەيدۇ: ”مالىك مېنىڭ ئۇستازىم ۋە مۇئەللىمىم، بىز ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن. ماڭا نىسبەتەن مالىكتىنمۇ ئىشەنچلىك بىرى يوق. مەن ئۇنى مەن بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدا ھۆججەت قىلدىم“.

ئىمام مالىك پەتىۋا چىقىرىشتا تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلاتتى، ئۇلار ئاساسلىق بەش: بىرىنچى، كىتابۇللاھ؛ ئىككىنچى، ھەدىس شەرىف؛ ئۈچىنچىسى، ساھابىلەرنىڭ سۆزى؛ تۆتىنچىسى، ئىجمائ؛ بەشىنچىسى، مەدىنەلىكلەرنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرى.

«ئەلمۇۋەتتا» ئىمام مالىك تۈزگەن، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن تەركىب تاپقان مۇبارەك كىتاب. كۆپلىگەن ئۆلىمالار ئۇنى ئىسلام دىنىدا تۇنجى بولۇپ ئاپتورى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارالغان كىتاب، دەپ قارايدۇ(شەيخ مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە: «ئىمام مالىك»، 22 ـ بەت). بۇ ناھايىتى توغرا دېيىلگەن گەپ. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن، شۇنداقلا ئۇنى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل كۆزقاراشقا، ئۆز پىكرىگە تايىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن توسۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ھال كۆزقاراشقا ئىگە بىر كىتاب تۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرگەن(«تەرتىيبۇل مەدارىك»، 30 — 33 ـ بەتلەر). ئۇ مەنسۇرنىڭ قوللىشى ۋە سايىسى ئاستىدا ھىجرىيە 148 — 159 ـ يىللىرىچە ھەدىس، سۈننەت ۋە مەدىنە ئەھلىنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر ئىلمى كىتاب تۈزگەن ۋە ئۇنىڭغا «ئەلمۇۋەتتا» دەپ نام بەرگەن، بۇ ”ئاسان ئوقۇشلۇق“ دېگەندەك مەنىگە ئىگە. بۇ كىتابتا فىقھە ئىلمى بىلەن ھەدىس ئىلمى بىرلەشتۈرۈلگەن؛ شۇنداقلا قىلچە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمىگەن، ھەدىسلەر ئۆز ئىلمي قانۇنىيتى بويىچە ئىشەنچلىك بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب يەنە ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنى ئوقۇپ ھاياجانلانغان خەلىپە رەشىد ئۇنى كەئبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويماقچىمۇ بولغان؛ بىراق ئىمام مالىك بۇ ئىشتىن ئۇنى توسقان. ئىمام مالىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ دىنىي ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولۇشىنى، كەڭرەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ رەشىد خەلىپىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن: ”ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئۆلىمالارنىڭ ئىختىلاپى بۇ ئۈممەتكە نىسبەتەن ئاللاھدىن كەلگەن بىر رەھمەت، ھەركىشى ئۆزى توغرا دېگەنگە ئەگىشىدۇ، ھەر كىشى توغرىلىق ئۈستىدە، ھەر كىشى ئاللاھنى ئىرادە قىلىدۇ“. ئىمام مالىك دىن ئاسانلىق، قىيىنلىق ئەمەس، دەپ قارايتتى. ئىمام مالىك يالغۇز «ئەلمۇۋەتتا»ناملىق كىتابنىلا تۈزمىگەن، ئۇ يەنە «غەرىيبۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرنى، «قەدەرىيەلەرگە رەددىيە: ئىبنى ۋەھبىگە يېزىلغان خەت»، «تەقدىر توغرىسىدا رىسالە»، «ئەبۇ غەسسانغا يېزىلغان خەت»(پەتىۋالار توغرىسىدا)، «كىتابۇس سۇرۇر»، «مىسىرلىقلارنىڭ ئىمامى لەيس ئىبنى سەئىدگە يېزىلغان خەت» قاتارلىق ئىلمي ئەسەرلەرنى تۈزگەن.

ھەرقانداق ئىمامنىڭ ئۇستازلىرى بولغىنىدەكلا، شاگىرتلىرىمۇ بولىدۇ، ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرى ئىسلام ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىدى؛ ھەتتا ئىسپانىيەلىك شاگىرتلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىمام مالىكتىن ئىلىم ئۆگىنىپ ھەرقايسى جايلارغا تارقىتاتتى. ئىمام مالىك ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر قىسىم شاگىرتلىرى مەدىنەگە يەرلەشكەن، مەسىلەن: مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى دىنار، ئۇ مەدىنەنىڭ فەقىھى(ھىجرىيە 182 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبى ھازىم(ھىجرىيە 185 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئوسمان ئىبنى ئىسا؛ مۇغىيرە ئىبنى ئابدۇراھمان(ھىجرىيە 186 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ مەئىن ئىبنى ئىسا(ھىجرىيە 198 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئەبدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇلئەزىز(ھىجرىيە 212 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئابدۇللا ئىبنى نافىئ زۇبەيرىي(ھىجرىيە 215 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئەبۇ مۇسئەب زۇھرىي(ھىجرىيە 241 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار. شەرقتىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىككى بولغان، ئۇلار: ئابدۇللا ئىبنى مۇسلىمە(ھىجرىيە

221 ـ يىلى بەسرەدە ۋاپات بولغان)؛ ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى يەھيا تەممىي ئەننىسابۇرىي(ھىجرىيە 226 ـ يىلى نىشاپۇردا ۋاپات بولغان). ئىمام مالىكنىڭ مىسىرلىق شاگىرتلىرى: ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم(ھىجرىيە 191 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئابدۇللا ئىبنى ۋەھب(ھىجرىيە 197 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئەشھەب ئىبنى ئابدۇلئەزىز (ھىجرىيە 204 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئابدۇللا ئىبنى ھەكىم ئىبنى ئەئيەن مىسىردا تۇغۇلغان(ھىجرىيە 210 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار. ئۇنىڭ ئافرىقادا يەرلىشىپ قالغان ئوقۇغۇچىلىرى، تونىستىن: ئەلى ئىبنى زىياد تونىسى(ھىجرىيە 183 ـ يىلى ۋاپات بولغان)؛ ئابدۇللا ئىبنى غانىم ئافرىقىي(ھىجرىيە 190 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار. ئىسپانىيەدە يەرلەشكەن شاگىرتلىرى: ئەبۇ مۇھەممەد يەھيا ئىبنى يەھيا ئەندەلۇسىي(ھىجرىيە 223 ـ يىلى ۋاپات بولغان). ئۇنىڭ يەنە ئىككى شاگىرتى بولۇپ، بىرى ئەبۇ مۇسئەب مۇترىپ ئىبنى ئابدۇللا ئىراقتا كۆچۈپ كېتىپ، كېيىن ھىجازغا قايتىپ كەلگەن (ھىجرىيە 214 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان)؛ يەنە بىرى ئەسەد ئىبنى فۇرات بولۇپ ھەررانىدا تۇغۇلغان، تونىستا تەلىم ئالغان، كېيىن ھىجازغا كېلىپ، مالىكتىن تەلىم ئالغان. كېيىن ئىراقتا كۆچۈپ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىيدىن(ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى) فىقھە ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئاندىن مىسىرغا قايتىپ كەتكەن (ھىجرىيە 214 ـ يىلى ۋاپات بولغان). مانا بۇلار مالىكنىڭ مەشھۇر شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلار مالىكىي ئېقىمىنى ھەر جايلارغا تارقاتقان. ئۇلاردىن بىر نەچچە مەشھۇرلىرى بىلەن تونۇشۇش زۆرۈر:

ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم: ئۇ فۇستاتتا ھىجرىيە 132 ـ يىلى تۇغۇلغان. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ھەنەفىي مەزھەپىدە بولغىنىدەك، ئۇ مالىكىي مەزھەپىگە تەۋە. بۇ ئىككىسىدە زور ئورتاقلىق بار: ھەر ئىككىلىسى ئۆز پېشۋالىرىنىڭ مەزھەپىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان ۋە نەقىل كەلتۈرگەن. ئۇلاردىن زور ئىجتىھاد ۋە كۆزقاراش مېۋىلىرىنى رىۋايەت قىلغان. ئابدۇراھماننىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللا ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم ئىبنى خالىد ئىبنى جەنادە. ئۇ ئىمام مالىكقا 20 يىلدىن ئارتۇق شاگىرت بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي مەلۇماتلىرىنى لەيس ئىبنى سەئىد(مىسىردىكى چاغدا)، مۇسلىم ئىبنى خالىد زەنگى، ئابدۇلئەزىز ئىبنى ماجىشۇن(مەدىنەدىكى)، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ۋە نافىئ ئىبنى ئەبى نۇئەيملەردىن ئالغان. بۇ ئادەم مالىكىي مەزھەپىنى تەتقىق قىلىشتىكى تۈنجى ھۆججەت. ئۇ ئۇستا فىقھەشۇناس. تەقۋالىق، زاھىدلىق بىلەن تونۇلغان. ئىبادەتنى كۆپ قىلاتتى. ئۇ ھىجرىيە 191 ـ يىلى سەپەر ئېيىدا مىسىردا ۋاپات بولغان.

ئابدۇللا ئىبنى ۋەھب: ئۇ ئىمام مالىكنىڭ يېقىن شاگىرتلىرىدىن بىرى. ئىمام مالىكتىن 20 يىلدىن كۆپرەك تەلىم ئالغان. پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە تەلەپ قىلىشقا قاراتقان. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇللا ئىبنى ۋەھب ئىبنى مۇسلىم بولۇپ، مىسىرنىڭ مالىكىي مەزھەپىدىكى يەنە بىر فىقھەشۇناسى. ئۇ ھىجرىيە 125 ـ يىلى فۇستاتتا تۇغۇلغان بولۇپ، ۋاپاتى ھىجرىيە 197 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئۇنى ”مىسىرلىقلارنىڭ شەيخى“ دەپ ئاتىغان. بۇ زات مىسىرلىق، ھىجازلىق، ئىراقلىق ئۇستازلاردىن تەلىم ئالغان. مىسىردا لەيس ئىبنى سەئىد، ھۇسەيىن ئىبنى ئابدۇللا، ھەيۋە ئىبنى شۇرەيھ، سەئىد ئىبنى ئەبى ئەييۇب، ئىبنى لەھيئە، ئىياز ئىبنى ئابدۇللا فھرىي، ئابدۇراھمان ئىبنى شۇرەيھ قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان. ئىراقلىق سۇفيان سەۋرىيدىن، ھىجازلىق زۇھرىينىڭ شاگىرتلىرىدىن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ۋە ئىبنى جۇرەيھ قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان. شۇنداقلا ئابدۇراھمان ئىبنى زىياد ئافرىقىيدىنمۇ تەلىم ئالغان، بەزىلەر، ئۇ تەلىم ئالغان ئۇستازلار 400دىن ئاشىدۇ، دېيىشىدۇ. بىراق ئەڭ ئۇزۇن تەلىم ئالغان ئۇستازى ئىمام مالىكتۇر. ئۇ ھەدىس رىۋايىتى بىلەن تونۇلغان. ئۇ مىسىردىكى مالىكنىڭ ئاساسلىق شاگىرتلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىن ئۇستازى لەيس ئىبنى سەئىد، ئىراقلىقلاردىن ئابدۇراھمان مەھدىي، مىسىرلىقلاردىن ئابدۇللا ئىبنى يۇسۇف تونىسى، ئەھمەد ئىبنى سالىھ مىسرى، ئەسبەغ ئىبنى فەرەج، ھەرمەلە ئىبنى يەھيا، يەھيا ئىبنى ئەييۇب مەقابىرى، مۇھەممەد ئىبنى سەلمە، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلھەكىم، يۇنۇس ئىبنى ئەبدۇلئەئلا، رەبىئ ئىبنى سۇلايمان قاتارلىقلار ئىلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ زات ئىمام مالىكتىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن، ئوتتۇزدىن ئارتۇق كىتاب يازغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ”ئىلىم دېڭىزى“ دەپ ئاتالغان. ئۇ ھىجرىيە 197 ـ يىلى 72 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئەشھەب ئىبنى ئابدۇلئەزىز قەيسى: ئۇ مالىكتىن كېيىن مىسىردا ياشىغان ئۈچىنچى شاگىرتى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ''مىسكىن'' ئىدى، ''ئەشھەب'' بولسا ئۇنىڭ لەقىبى دەيدىغانلار بار. ئۇ ھىجرىيە 150-يىلى مىسىردا تۇغۇلغان. دەل بۇ يىلى ئىمام شافىئىي غەززەدە(بۇ يۇرت پەلەستىندە) تۇغۇلغان. ئۇ ھىجرىيە 204-يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئىمام شافىئىي ئۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن ۋاپات بولغانىدى. ئەشھەب مىسىردا لەيس ئىبنى سەئىد، يەھيا ئىبنى ئەييۇب، ئىبنى لەھىيئە قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان، ھىجازدا سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، فەزل ئىبنى ئىياز قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان. ئىمام مالىكتىنمۇ ئۇزۇن مەزگىل تەلىم ئالغان، شۇنداقلا ئاساسلىق شاگىرتى بولۇپ قالغان. ئىمام شافىئىي ئۇ توغرىسىدا: ''مىسىردىن ئەشھەبدەك فىقھەشۇناس چىقمىغان'' دېگەن. بەلكىم ئىمام شافىئىي ئىبنى قاسىم، ئىبنى ۋەھبلەر بىلەن ئۇچرىشالمىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئىككىسى ئەشھەبتىنمۇ بىلىملىكراق مالىكنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى. ئەشھەب مول ئىلىم ساھىبى ئىدى. ئۇ «مۇدەۋۋەنە»(خاتىرىلەر)، «ئەلئىختىلافۇ فىل قەسامە»، «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ پەزىلەتلىرى» قاتارلىق نەپىس كىتابلارنى تۈزگەن.

ھەر مەزھەپنىڭ ئاساسلىق تەتقىق قىلىنىدىغان بىر قانچە كىتابلىرى بولىدۇ. مالىكىي مەزھىپىدىكى ئاساسلىق مەنبە، بايا دەپ ئۆتتۈلگىنىدەك «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق كىتاب؛ ئەشھەب تۈزگەن «مۇدەۋۋەنە»(خاتىرىلەر) ناملىق كىتابمۇ بۇ ئېقىمدىكى مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېقىم توغرىسىدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق كىتابلار: ئەسەد ئىبنى فۇراتنىڭ «ئەسەدىيە» ناملىق كىتابى؛ ئىمام سەخنۇننىڭ «مۇدەۋۋەنە»(خاتىرىلەر) ناملىق كىتابى؛ ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھەبىيب ئەندەلۇسىينىڭ «ۋازىھە» ناملىق كىتابى: مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەتەبىي ئاندەلۇسىينىڭ «ئەتەبىيە» ناملىق كىتابى؛ ئىبنى مۇۋازنىڭ «مۇۋازىيە» ناملىق كىتابى.

«ئەسەدىيە»: بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئەسەد ئىبنى فۇرات بولۇپ، ھىجرىيە 145-يىلى ھەرراندا تۇغۇلغان. ئۇ فەقىھ، چەۋانداز، غازى ۋە شەھىد بولغان. ئۇ دادىسى بىلەن تۇنىسقا يۆتكىلىپ كەلگەن. شۇ جەريانىدا فەتىھ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە قاراپ مېڭىپ، ياۋروپانىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان. بۇ پائالىيەتلەر ئۈچ ئەسىرگە يېقىن ياۋروپا ئويغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كېيىن ئۇ ھىجرىيە 213-يىلى شېھىت قىلىنغان. بۇ ئادەم ھايات ۋاقتىدا مەدىنىدە ئىمام مالىكنىڭ دەرسلىرىگە قۇلاق سالغان، «ئەلمۇۋەتتا» ناملىق كىتاب بىلەن پىششىق تونۇشقان، ئىراققا بېرىپ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىدىن تەلىم ئالغان. كېيىن ئۇ مالىكىي ئېقىمىدىكى فىقھە مەسىلىلەرنى توپلاپ قويۇش ئۈمىدىدە بولغان، ھالبۇكى، ئىمام مالىك ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ ئىبنى ۋەھب، ئەشھەب ۋە ئىبنى قاسىم قاتارلىقلار بىلەن كۆپ پىكىرلىشىپ «ئەسەدىيە» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ چىققان.

«مۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا»: بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئابدۇسالام ئىبنى سەئىد تەنۇخىي بولۇپ، ''ئىمام سەخنۇن'' دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر. بۇ زات ئىلىم ساھەسىدە كۆپ قىرلىق شەخس، ئۇنىڭ «مۇدەۋۋەنە» (خاتىرىلەر) ناملىق كىتابى «ئەلمۇۋەتتا»دىن قالسىلا بىرىنچى مۇھىم مەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن «ئەلمۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا»(چوڭ توپلام) دەپ ئاتالغان. ئۇ ئىنتايىن كەمبەغەل ئىدى. ئۇ ئىسلام غەربىدىكى ئالىملارنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ ئىلمىنى، پەزىلىتىنى ۋە زاھىدلىقنى بىرلەشتۈرگەن. «ئەلمۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا» دېگەن كىتاب ئەسلى «ئەسەدىيە» دېگەن كىتاب شۇ، ئىمام سەخنۇن بۇ كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى، نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان، كېيىن ئىبنى قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ ھەقتە پىكىرلىرىنى بايان قىلغان، ئەسەدكىمۇ خەت يازغان. ئاخىرى ئىمام سەخنۇن ئۆزى زۆرۈر دېگەن مەسىلىلەرنى قوشۇپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، قىسقارتىپ، ئۆزگەرتىپ، مۇكەممەل كىتاب قىلىپ قايتا تۈزۈپ چىققان. ئۇ ئاتمىش مىڭ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فىقھەشۇناس، ئالىم ئىبنى رۇشدمۇ بۇ كىتابتىن پايدىلانغان.

«ۋازىھە»: بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھەبىيب ئەندەلۇسىي بولۇپ، بۇ ئادەم ھىجرىيە 238-يىلى ۋاپات بولغان. بۇ كىشىمۇ ئىمام مالىكنىڭ مۇھىم شاگىرتلىرىنىڭ بىرى، بۇ كىتاب مالىكىي ئېقىمىدىكى ئىككىنچى مەنبە، دەپ قارىلىدۇ. ئىسپانىيەلىك مۇسۇلمان ئالىملار بۇ كىتابتىن كۆپ مەنپەئەتلەنگەن. بۇ ئادەم ئىمام سەخنۇندىن بۇرۇن ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ «ئەلمۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا» ناملىق كىتابنى تولۇقلاش

ئاساسىدا بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان. ئىمام سەخنۇن بولسا ئىبنى قاسىم، ئىبنى ۋەھب ۋە ئەشھەبلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تولۇقلىغان.

«ئەتەبىيە»: بۇ كىتاب «مۇستەخرىجە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ كىتاب مالىكىي ئېقىمىدىكى ئۈچىنچى مەنبە. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەتەبىي بولۇپ، ھىجرىيە 255 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئەتەبىي ئىسپانىيە فەقىھلىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئىمام سەخنۇننىڭ شاگىرتى. ئۇنىڭدىن كۆپ تەلىم ئالغان. ئۇ ھەم ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھەبىيبتىنمۇ تەلىم ئالغان. ئۇ "مەسىلىلەرنىڭ ھافىزى" دەپ نام ئالغان. ئىبنى خەلدۇن ئىبنى رۇشدنىڭ ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ بۇ كىتابنى «ۋازىھە»دىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ(«مۇقەددىمە»، 245 ـ بەت).

«مۇۋازىيە»: بۇ كىتاب مالىكىي ئېقىمىدىكى تۆتىنچى ئانا كىتاب. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مىسىر ئىسكەندىرىيەلىك ئالىم بولۇپ، ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى زىياد ئىسكەندىرىي، ئۇ ھىجرىيە 269 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، "ئىبنى مۇۋاز" دەپ ئاتالغان. كىتابمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ كىتاب توغرىسىدا قازى ئىياز شۇنداق دېگەن: "بۇ كىتاب مالىكىيلار تۈزگەن ئەڭ ياخشى، ئەڭ توغرا، ئەڭ كەڭرى، مول مەزمۇنلۇق كىتاب".

ئۆمرىنى مول ئىلمىي نەتىجىلەر، ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن بۈيۈك فىقھەشۇناس ئالىم، مالىكىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئىمام مالىك رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ھىجرىيە 179 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 14 ـ كۈنى مەدىنەدە ۋاپات بولدى، شۇنداقلا "جەننەتۇل بەقىيئ"گە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى چوڭقۇر قايغۇردى. ئىمام مالىكنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ ماقالىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز: "ئىلىم كۆپ نەرسىنى بىلىش ئەمەس؛ بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ يۈرەككە سالغان نۇرى!"

(پايدىلانغان مەنبەلەر: دوكتور مۇستەفا شەكئەنىڭ «تۆت ئىمام» ناملىق كىتابى: ئەھمەد شەرباسىنىڭ «تۆت ئىمام» ناملىق كىتابى؛ دوكتۇر مۇھەممەدنىڭ «ئىمام سەخنۇن» ناملىق كىتابى).

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)

## 11 ئاينىڭ سۇلتانى*

گۈلبوستان مامۇت

بسم الله الرحمن الرحيم


(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاينىڭ سۇلتانى مۇبارەك ئاي رامىزان،
بار ئۇنىڭدا ياخشى ئەمەل، شەرىئەت ـ مىزان.
بۇ ئاي قۇرئان ئېيىدۇر ئىمان نۇرى چېچىلغان،
قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلاپ، ھەق يول ئېچىلغان.
شۇڭا ئايلار ئىچىدە ھۆرمەت تاپقان ئايدۇر بۇ،
ياخشىلىق ۋە بەرىكەت تولۇپ تاشقان ئايدۇر بۇ.
شۇنداق ئايدۇركى، ئەۋۋىلى رەھمەت، ئوتتۇرىسى مەغپىرەت،
ئاخىرقىسى دوزاختىن ئازاد بولۇش تائەبەت.
روزا گويا قالقاندۇر، گۇناھلاردىن ساقلايدۇ،
ئېرىشتۈرۈپ ساۋابقا، قەلبىمىزنى پاكلايدۇ.
سۇبھىدىن تا شامغىچە كىمكى تۇتسا ئۆزىنى،
ئۇنى تۇتار روزىمۇ، ئۇمۇ تۇتار روزىنى.
سۇھۇرلۇقتا بەرىكەت، ئىپتاردا بار ئىجابەت،
سەۋر-تاقەت، چىدامغا ئاللاھ قىلىدۇ رەھمەت.
روزىدارلار ئاچلىقنى، يوقسۇزلۇقنى تېتىيدۇ،
ئاللاھ بەرگەن نېمەتكە كۆپ شۈكۈرلەر ئېيتىدۇ.
سەدىقە-پىتىر روزىنىڭ نۇقسانىنى تۈزەيدۇ،
ئاندىن روزا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ.
قەدىر كېچىسى شەرەپتە، پەزىلەتتە ئەڭ قىممەت،
مىڭ ئايدىنمۇ ئارتۇقتۇر، ئۇنىڭدىكى خاسىيەت.
قۇرئان تۇنجى قېتىمدا نازىل بولغان بۇ كېچە،
پەرىشتىلەر زېمىنغا چۈشىدۇ تاڭ ئاتقىچە.
روزا تۇتقان كىشىلەر يامانلىقنى تاشلايدۇ،
ئېتىقادنى چىڭىتىپ، تەقۋالىقنى باشلايدۇ.
ئىبادەتنىڭ ئەڭ كاتتا قاينىمىدۇر رامىزان،
مۇئمىنلەرنىڭ خۇشاللىق بايرىمىدۇر رامىزان.

(ئاپتور: خوتەن شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

* 11 ئاينىڭ سۇلتانى — 12 ئاينىڭ ئىچىدىكى رامىزان ئېيى شەرەپ ۋە پەزىلەتتە ھەممە ئايلاردىن ئۈستۈن تۇرغاچقا "11 ئاينىڭ سۇلتانى" دەپ ئاتالدى. — ئاپتوردىن.

# ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ئىمىن ئاخۇن داموللام





جارۇللا يۈسۈپ

ئىمىن ئاخۇن داموللام 1896-يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا مۇھەممەتئېلى ھاجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1898-يىلى ئۇ 2 ياشقا كىرگەندە ئائىلىسى بىلەن گۇچۇڭ ناھىيەسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەتئېلى ھاجى ئىمىن ئاخۇننى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئابدۇللا خەلپەتتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. كېيىن مىرزا باقى داموللىنىڭ تەربىيەسىگە كىرىپ ئەرەب تىلى، پارس تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى، سوپى ئاللاھ يار، پەندنامە قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان. 1912-يىلدىن باشلاپ ئابدۇلھەق ھەزرەتتە تەربىيەلىنىشكە باشلىغان. ئابدۇلھەق ھەزرەت بۇخارادىكى مەشھۇر مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئاتاقلىق ئۆلىما ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم مۇلاقەتتە بولۇپ، ئىلمىي مۇنازىرە، ئەنجۇمەنلەرنى ئېلىپ بارغان، كۆپنى كۆرگەن، بىلىملىك كىشى بولۇپ، گەرچە تاتار بولسىمۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئانا تىلىدەك سۆزلەيدىغان، تەرەققىپەرۋەر، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان زات ئىدى. ئابدۇلھەق ھەزرەت ئىمىن ئاخۇننىڭ سەۋىيەسىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى كەڭ دائىرىدە تەربىيەلەشكە باشلىغان. ئابدۇلھەق يېتۈك، پىشقان ناتىق بولۇپ ئىمىن ئاخۇنغا ئۆگىنىش بىلەن نۇتۇق قابىلىيىتىنى تەڭ يېتىلدۈرۈشنى تەكىتلەپ، نۇتۇق سۆزلەشنىڭ قائىدىلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگەتكەن. نەتىجىدە ئىمىن ئاخۇننىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىمۇ داۋاملىق ئۆسۈپ بارغان. ئۇ ئابدۇلھەق ھەزرەتتە 5 يىل تەربىيەلەنگەن. بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا قەشقەر خانلىق مەدرىسەگە بېرىپ ئوقۇش ئىستىكى تۇغۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن ئاخۇن 1917-يىلى تۆگە كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ، جاپالىق سەپەر قىلىپ، ئىككى ئايدا قەشقەرگە يېتىپ بارغان.

ئۇ خانلىق مەدرىسەگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئاتلانغان. ئوقۇش جەريانىدا ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىگەن. ئۇ خانلىق مەدرىسەدە ھامۇت مەۋلىۋى، سالىھ داموللام قاتارلىق يېتۈك ئۆلىمالار بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇيدۇ. ئۇ دەسلەپ موللا ساۋۇت داموللامدا ئوقۇيدۇ. كۆپ ئۆتمەي ھاشىماخۇن داموللامنىڭ تەربىيەسىگە بېرىلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىل، ئەخلاقلىقلىقى، كەمتەر سەممىيلىكى، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئىزدىنىشچانلىقى بىلەن كۆپ ئۆتمەي ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ خانلىق مەدرىسەدە 5 يىل تەربىيەلىنىش جەريانىدا ئىسلام ئىلمى، ئىلمى مەنتىقە، ئىلمى ھال(تەبىئەت ئىلمى)، ھېساب، تەجۋىد، فىقھەشۇناسلىق، ئەرەب-پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك پەنلەر بويىچە كەڭ دائىرىدە تەربىيەلەنگەن.

1921-يىلى ئۇ خانلىق مەدرىسەدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ 1922-يىلى گۇچۇڭ ناھىيەسىگە قايتىپ كېلىدۇ. يۇرت خەلقى ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ سۆيۈنىدۇ. ئۇ گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى دىنىي ۋە پەننىي ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان "گۈلشەن مائارىپى" مەكتىپىدە بىر مەزگىل مۇدەررىس بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇنداقلا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تەلىپى

## ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز

بىلەن گۇچۇڭ ناھىيەسى بازار ئىچىدىكى گۇچۇڭ چوڭ مەسچىتى ۋە گۇچۇڭ كىچىك مەسچىتىدە خاتىپلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ بۇ ئىككى مەسچىتتە خاتىپلىق قىلىشنى تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئۇ ھايات ۋاقتىدا 2 نۆۋەت گۇچۇڭ ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزالىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. شۇنداقلا گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ دىنىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئىمىن ئاخۇن داموللام تولىمۇ ئىلىمخۇمار زات بولۇپ، كىتاپ كۆرۈشنى، باشقىلار بىلەن ئىلمى مۇنازىرە، سۆھبەتلەردە بولۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئەرەب-پارس ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى توپلىغان ئىدى. ئۇ سودا دۇكىنىدا سودىسىنى قىلغاچ قولىدىن قەدىمىي دىنىي كىتابلىرىنى چۈشۈرمەيتتى. ئۇ تىجارەت ۋە باشقا تىرىكچىلىككە ئوخشاش كىتاب كۆرۈش، يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە شاگىرت تەربىيەلەشنى كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى. يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا، ئەرەب-پارس تىللىرىدىمۇ شېئىر يازاتتى. ئۇ يازغان شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئىلىم-مەرىپەتنى ئۇلۇغلاش، توغرا يولدا مېڭىش، خۇرپاتلىق، نادانلىق، قالاقلىقنى قامچىلاش، خەلقنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن قوراللاندۇرۇپ تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىدى. ئۇ خانلىق مەدرىسەدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ۋە سودا-تىجارەتتە تونۇشقان دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلىپ، ئۇلارغا رىسالىلەر يازاتتى، ئۇلارغا ھاۋالە قىلىپ تۈرلۈك كىتابلارنى ئالدۇراتتى.

ئىمىن ئاخۇن داموللام ئۇستا خەتتات ئىدى. خەتتى پارسى ۋە تەلىخ نۇسخىلىرىدا تولىمۇ چىرايلىق خەت يازاتتى. ئۇ دائىم ئوقۇغان كىتابلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرى ۋە كىتابتىكى ئۆزىگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان نۇقتىلارنى ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ قالدۇراتتى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا ھۆسنخەت يېزىشنى مەشىق قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئىملا خاتالىقى سادىر بولغان، سەت يېزىلغان خەتلەرنى كۆرگەندە بەكلا خاپا بولۇپ كېتەتتى. ئۇ دائىم: "قەلەم بولسا ئاللاھنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەيئىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەڭ بۇرۇن يارالغان نەرسىلەرنىڭ بىرى، ھەرقانداق بىر ئادەم قەلەم بىلەن دوستلاشسا، قەلەم بىلەن چىرايلىق خەت يېزىشنى ئادەت قىلسا، شۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇش ۋە باشقا ئىش-پائالىيەتلىرىمۇ رەتلىك ۋە گۈزەل بولىدۇ" دەپ قارايتتى.

ئۇ يەنە قابىلىيەتلىك تەرجىمان بولۇپ، ئەرەب-پارس تىللىرىغا تولىمۇ پۇختا ئىدى. ئۇ ئىجتىھات بىلەن شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق پەند-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ئىدى. «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىمۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ چىققان ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەجىر بىلەن يېزىپ قالدۇرغان شېئىر، رىسالىلىرى، تەرجىمە قىلىپ چىققان ئەسەرلىرى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دەۋرىدە يوقاپ كەتتى.

ئىمىن ئاخۇن داموللام نۇتقى ئېنىق، تىلى راۋان، يېقىملىق ئىنتوناتسىيە بىلەن سۆزلەيدىغان ناتىق ئىدى. ئۇ جۈمە نامىزى، ھېيت نامازلىرىدا، دەپنە مۇراسىملىرىدا ۋە باشقا يىغىلىشلاردا كەڭ جامائەتكە ۋەز-تەبلىغ قىلغاندا ئاڭلىغۇچىلار ئىختىيارسىز ئۇنىڭ نۇتقىغا رام بولۇپ قالاتتى. ئۇ ۋەز-تەبلىغ قىلغاندا بىر تېمىنى مەركەز قىلىپ، ناھايىتى سىستېمىلىق ھالدا سۆزلەيتتى. نۇتقىدا چېچىلاڭغۇلۇق، تېمىدىن چەتنەش، ماسلاشماسلىق ۋە لوگىكىلىق خاتالىق كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئۇ خاتىپلىق قىلغان مەسچىتكە نامازخانلار سىغىشماي قالاتتى. توي-تۆكۈن، مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدىمۇ ئىمىن ئاخۇن داموللام كۆپچىلىككە ئەلىشىر نەۋائى، فۇزۇلى، يۈسۈپ سەككاكى، شاھ مەشرەپ قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئەسلى ھالىتى بىلەن ئوقۇپ، ئارقىدىن پاساھەتلىك سۆزلەر ۋە چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا «بوستان»، «كەلىلە ۋە دىمنە» قاتارلىق كىتابلاردىن كىشىلەرگە تەربىيەۋى ئەھمىيىتى چوڭ بولغان ھېكايەت، مەسەللەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. شۇڭا ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ھېرىسمەن ئىدى.

ئىمىن ئاخۇن داموللام خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان كىشى بولۇپ، گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى خۇيزۇ ئۆلىمالىرى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ كەلگەن. خۇيزۇ جامائەتچىلىكى ئۇنى ھېيت نامازلىرى ۋە مېيىت نامازلىرىغا ئىمام بولۇپ بېرىش، ناماز چۈشۈرۈش ئىشلىرىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇرت ئىچى ۋە سىرتىدىن تۈرلۈك ئىشلار ئۈچۈن پەتىۋا سوراپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ

مەيلى قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەتىۋا سوراپ كەلگۈچىلەرگە ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىغا زىت بولمىغان، دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپ بولمىغان ئاساستا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە توغرا، ئىلمىي پەتىۋا بېرىپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. ھەتتا بىر قىسىم مەسىلەلەرنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئۇ بەزى ئاز ئۇچرايدىغان نازۇك مەسىلە ۋە ئىشلارغا پەتىۋا بەرگەندە يەڭگىللىك بىلەن دەرھال ئىپادە بىلدۈرمەستىن «قۇرئان كەرىم» ۋە فىقھە كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ھۆكۈم ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن جاۋاب بېرەتتى. شەرىئەت ئىشلىرى ۋە دىنىي ئەھكاملارغا تولىمۇ ئەستايىدىللىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

ئۆزى ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىغا تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىغاندىن باشقا، مەسچىتلەردە ياكى باشقا يىغىلىشلاردا بولسۇن، كىشىلەرنى ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلاتتى. پەرزەنتلىرىنى جەزمەن ئوقۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۆزىمۇ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋە قاتىلاڭ چاغلىرىدىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىپ شاگىرت تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى. گۇچۇڭ ناھىيەسىدە 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ 70-يىللىرىغىچە بولغان يېرىم ئەسىر ئىچىدە يېتىشىپ چىققان دىنىي زاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى. ئۇ دائىم: ”تەربىيەلىگۈچى بولغان شەخس تەربىيەلىگۈچى ۋە تەبىيەلەنگۈچىدۇر. تەربىيەلىگۈچى ھەرگىزمۇ بىر خىل سەۋىيەدە توختاپ قالماستىن، بىر ئۆمۈر ئىلىم تەھسىل قىلىشى ۋە ئىزدىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا يارامىلىق شاگىرت تەربىيەلىيەلمەيدۇ“ دەيتتى. ئىمىن ئاخۇن داموللام ئۆزى ئېيتقاندەك ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىزدىنىشنى قولدىن بەرمىگەن زات ئىدى. ئۇنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا كۆپلىگەن دىنىي زاتلار يېتىشىپ چىقىپ، ھازىر گۇچۇڭ ناھىيەسى ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ئىمىن ئاخۇن داموللام گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى ھەممىلا ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغان، ئەزىزلەيدىغان پازىل، دىيانەتلىك زات ئىدى. ئۇ تولىمۇ كىچىك پېئىل، ئاددىي-ساددا، چىقىشقاق شەخس بولۇپ، كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەتتى. نوپۇزلۇق كىشىلەردىن تارتىپ، ئاددىي دېھقانلارغىچە ھەممىنى باراۋەر كۆرۈپ ئوخشاشلا مۇئامىلىدە بولاتتى. شەخسىيەتسىزلىك بىلەن خالىس ياردەمدە بولاتتى. باشقىلار ئالدىدا ئۆز نوپۇزىنى پەش قىلمايتتى، تەمەخورلۇقتىن خالىي ئىدى.

قىسقىسى، ئىمىن ئاخۇن داموللام ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ۋەتەن ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئۈچۈن ۋە خەلققە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بېغىشلاپ، گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، بارلىقىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، شاگىرت تەربىيەلەش، دىن تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قاراتقان پەزىلەتلىك ئىسلام ئالىمى ئىدى.

مەرھۇم ئىمىن ئاخۇن داموللام 1970-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى (قۇربان ھېيتىنىڭ 1-كۈنى) 74 يېشىدا ۋاپات بولدى. مەرھۇمنىڭ مېيىتى زور قايغۇ بىلەن گۇچۇڭ ناھىيەسى ئەرتۇڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. جانابىي ئاللاھ مەرھۇمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا كۆپلەپ ئەجىر تۆھپە بېرىپ، بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، جايىنى جەننەت قىلغاي!

(ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيەسىدىن؛


تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)

## شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيەگە ئورۇنلاشتۇردى

2012-يىلى 3-ئاينىڭ 7-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىنستىتۇتىمىزدىكى 180دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى شىنجاڭ ئارمان مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت رايونى، ئىشلەپچىقىرىش سېخى ۋە ئارمان تاللا بازىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. شىركەت لىدىرى رادىل ئابلا باشچىلىقىدا شىركەت مەسئۇللىرى ۋە شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. شىركەت لىدىرى رادىل ئابلا ئوقۇغۇچىلارغا ئارمان مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ 17 يىللىق تەرەققىيات تارىخىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى، شۇنداقلا ئارمان مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلىرىنى جۇڭگوغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتىدىغانلىقىنى، ئىلگىرىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە كۆز ئالدىدىكى بۈيۈك نىشانلىرىدا كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(راھىلە ئابدۇكېرەم)

# كورلا جامە مەسچىتى



تارىختا مەشھۇر يىپەك يولىغا جايلاشقان كورلا ئەسىرلەردىن بويان ھەرخىل مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچراشقان قەدىمىي يۇرت. ئۇ ئۆز قوينىدا نۇرغۇنلىغان قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ساقلاپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە ئېلىپ كەلگەن.

كورلا جامە مەسچىتى ئەنە شۇ قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا كورلىدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ بىرى. كورلىدىكى مەشھۇر دىنىي ئالىم ئېلى ھاجىم داموللام ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك شائىرى موللا كىچىك توختى قازى كالان (قۇسۇرى)نىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان تارىخى پۈتۈكلىرىگە قارىغاندا كورلا جامە مەسچىتىنىڭ مۇشۇ ئورۇندا بىنا قىلىنغىنىغا 600 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە كورلا بويىچە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان قەدىمىي مازارلاردىن "كورلا يىغىن زاراتگاھلىقى" بار ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىنا قىلىنغان بۇ جامە مەسچىتكە 14-ئەسىردىن تاكى 1715-يىلىغىچە ھادى ئەلەم ئاخۇنۇم، ئەھمەد ئەلەم ئاخۇنۇم، ئاپپاق ئەلەم ئاخۇنۇم، يۇنۇس ئەلەم ئاخۇنۇم، ئاۋۇت ئەلەم ئاخۇنۇم، قادىر ئەلەم ئاخۇنۇم، موللا ئاسىم ئەلەم ئاخۇنۇملار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىمام، خاتىپ، مۇدەررىس بولۇپ ئۆتكەن. مىلادىيە 1715-يىلى موللا ئۆمەر ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كونا مەسچىت ئورنىغا يېڭى مەسچىت سېلىنغان.

1715-يىلدىن 1833-يىلىغىچە بۇ مەسچىتكە موللا ئۆمەر ئاخۇنۇم ۋە مەھەممەت چۇمچۇق ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ ئوغلى زايىت ئاخۇنلار مەزىنلىك ۋەزىپىسىنى، يۇسۇپ ئەلەم ئاخۇنۇم، زەيدۇن ئاخۇنۇم، موللا ھەسەن مۇپتى ئاخۇنۇم، قاسىم ئەلەم ئاخۇنۇملار ئىمام-خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مىلادىيە 1833-يىلى بۇ مەسچىت كېڭەيتىلىپ ئۇنىڭ غەرب تەرىپىگە تاش كېسەك قۇرۇلمىلىق بىر چوڭ مەسچىت سېلىنغان. ئومۇمىي كۆلىمى 12 مو بولۇپ، مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 805 كۋادرات مېتىر بولغان. بۇنىڭ ئالدى كەڭ بىر ھويلا بولۇپ، كورلىدىكى ئىككى ھېيت نامىزى ۋە جۈمە نامىزى شۇ يەردە ئوقۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى "ئازنا مەسچىت" ياكى "ھېيتگاھ" مەسچىتى دەپ ئاتالغان. 1867-يىلى ياقۇپ بەگ كورلىنى ئېشىلگە ئالدۇرغاندا مەسچىتنىڭ ئاساسى قىسمى سېپىل سىرتىدا قالغان، مەسچىت قۇرۇلۇشىمۇ بەك زەيلەپ كەتكەن. 1895-يىلىغا كەلگەندە بۇخارادا بەش يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان دىنىي ئالىم ئېلى ھاجى داموللام بىلەن دىنىي زات ئەمەت ئىشان ھەزرەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەسچىت يېڭىلىنىپ سېلىنغان. مىلادىيە 1833-يىلىدىن 1916-يىلىغىچە بۇ جامەگە ئېلى ھاجىم داموللام، ئېلى ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇقادىر ئەلەم ئاخۇنۇم، ياقۇپ ئەلەم ھاجىم، موللا كىچىك توختى قازى كالان، ئابدۇقادىر ئىشان ئەلەم قاتارلىقلار ئىمام، خاتىپ، مۇدەررىس بولغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مەسچىتمۇ كونىراپ خەتەرلىك قۇرۇلۇشقا ئايلىنىپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن سېپىل ئىچىدىكى ئاممىنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا قولايسىز بولۇپ

مەسچىت-مەدرىسەلەر

قالغان. مىلادىيە 1916 ـ يىلى مەشھۇر دىنىي زات ئېلى ھاجى داموللامنىڭ تەشەببۇسى، پىلانلىشى بىلەن مەسچىت سىپىل ئىچىگە يۆتكەپ سېلىنغان. قۇرۇلۇش باشلانغاندا ئېلى ھاجى داموللام 500 تۇياق قوي ئىئانە قىلغان. ئاممىدىن توپلانغان ئىئانە بىلەن مەسچىت 1918 ـ يىلى پۈتكەن. مەسچىتنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 10 مو ئەتراپىدا بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2600 كۋادرات مېتىر، مەسچىتنىڭ ئۆلى يەر يۈزىدىن 1.5 مېتىر ئېگىز سېلىنغان. مەسچىتنىڭ ئىچى 84 دانە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان. ئۈستى ۋاسا جۈپ، ئاستى تاختايلىق، تاملىرىغا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئۇيۇلغان. مەسچىتنىڭ شەرق تەرىپىدە مەدرىسە بولۇپ، ئۇنىڭ 20 نەچچە ئېغىزلىق ھۇجرىسىغا مۇدەررىسلەر، قارىيلار، خەتتاتلار، تالىپلار ئورۇنلاشقان. مەسچىتنىڭ چوڭ دەرۋازا ئۈستىگە 3 قەۋەتلىك گۈمبەز ۋە پەشتاق چىقىرىلغان، تامچىلىقنى كورلىلىق ئىبراھىم ئۇستام، قادىر ئىماملار، ياغاچچىلىقنى نىياز قايناق ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

1916 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە بۇ مەسچىتكە ئېلى ھاجىم داموللام، مەخسۇت ئەلەم ھاجىم، تاھىر ئەلەم ھاجىم، ئابدۇقاھار داموللام، ئېزىز داموللا ھاجىملار ئىمام ۋە خاتىپ بولغان. بۇ كاتتا مەسچىت 1966 ـ يىلى باشلانغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بۇزۇۋېتىلگەن. 1978 ـ يىلى پارتىيە مەركىزى كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، دىنىي سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەسچىت ئورنى ئېتىقادچى ئاممىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەسچىت سېلىنىدىغان ئورۇن بېكىتىلىپ ئېزىز داموللا ھاجىم، ھىدايەت داموللام، كېرەم قارى ھاجىم، ئېلى قارى ھاجىم قاتارلىق 17 كىشىدىن تەشكىل تاپقان مەسچىت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ئىش باشلانغان. قۇرۇلۇشقا ئوبلاستلىق بىناكارلىق شىركىتىدىن ئابدۇرېھىم ئۇستام مەسئۇل قىلىنغان. مەسچىتنىڭ 1 ـ قاتارلىق قۇرۇلۇشى 1984 ـ يىلى باشلىنىپ 1988 ـ يىلى پۈتكەن. پۈتۈن قۇرۇلۇش پولات ـ سېمونت قۇرۇلمىلىق بولۇپ، مەسچىت چىللە خانە، سۇنەتخانە، پەشتاقلار بىلەن قوشقاندا ئومۇمىي كۆلىمى 3190 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتە مەسچىتنىڭ ئىچى ـ تېشى ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە كاتتا بېزەلگەن. جامە مەسچىتنىڭ 2 ـ قاتارلىق قۇرۇلۇشى 1993 ـ يىلى باشلىنىپ 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاخىرلاشقان. بۇنىڭدا ئاساسلىقى تاشقىرىقى مەسچىت بىلەن ئىچىدىكى مەسچىتنى تۇتاشتۇرۇش بىلەن پەشتاق قىسمىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاش نوقتا قىلىنغان. پۈتۈپ چىققاندىن كېيىنكى مەسچىت چوڭ دەرۋازىسى 6 قەۋەت بولۇپ، دەرۋازا ئۈستىگە گۈمبەز چىقىرىلغان، ئىككى يېنىغا 4 قۇببىلىق مۇنار چىقىرىلغان، دەرۋازا تاملىرىغا مېھراب شەكىللىك ئويما ۋە ھەرخىل نەقىش چىقىرىلىپ زىننەتلىنىپ ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگۈزۈلگەن.

كورلا جامەسىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي كۆلىمى 5.6 مو بولسىمۇ 1 ـ ۋە 2 ـ قاتارلىق قۇرۇلۇشى قەۋەت قىلىنىپ سېلىنغاچقا قۇرۇلۇش كۆلىمى 5640.6 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. ھازىر مەسچىت ئىچىگە 600 پارچىدىن ئارتۇق خوتەن گىلىمى ۋە سۈنئىي گىلەم، 188 پارچە ئەدىيال گىلەم سېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يورۇتۇش، ئىسسىتىش، سوۋۇتۇش ۋە رادىئو سايمانلىرى سەپلەنگەن بولۇپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىلغان. بۇ جامە سېلىنىشتىن بۇرۇن، يەنى 1948 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئېزىم داموللا ھاجىم، ھوشۇر قارى ئاخۇنۇم، ھىدايەت داموللا ھاجىملار كورلا جامەگە ئىمام، خاتىپ ۋە مۇدەررىس بولغان. 1985 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 1991 ـ يىلغىچە ھىدايەت داموللا ھاجىم ۋە ھىدايەت داموللا ھاجىم يېتەكچىلىكىدە ئابدۇغوپۇر كېرىم بۇ چوڭ جامەنىڭ ئىمام، خاتىپ ۋە مۇدەررىسلىكىنى ئۆتەپ كەلگەن. 1991 ـ يىلى ھىدايەت داموللا ھاجىم ۋاپاتىدىن كېيىن ھازىرغىچە ئابدۇغوپۇر كېرىم بۇ جامەنىڭ ئىمام ۋە مۇدەررىسلىكىنى، ئابدۇكېرىم تېيىپ قارى ھاجىم خاتىپلىقنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ئومۇمەن كورلا چوڭ جامە مەسچىتى ئۆز تارىخىدا يۇقىرىقىدەك مەشھۇر دىنىي ئۆلىما ـ ئالىملار قەدەم باسقان مۇھىم تارىخى ئورۇن بولۇپ قالماستىن، بەلكى قۇرۇلۇش كۆلىمى، ئۆزگىچە بېزىلىشى، لاھىيىلىنىش ئۇسلۇبى جەھەتتە ئوبلاست بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، ئۇ كورلىدىكى ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىپتىخارىدۇر.

(بۇ تارىخى تەزكىرە 2009 ـ يىلى ئابدۇمجىت ھەسەن قۇربانى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان؛ رەتلەپ ئەۋەتكۈچى: ئابدۇغوپۇر كېرىم).

(ئاپتور: كورلا شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)

# مۇسىبەتنىڭ ھۆرمىتى بولسۇن

ناسرجان ئابلىز

تۇغۇلۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆلۈش ئاللاھنىڭ قانۇنى بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتنى ئەقىل ۋە تەمكىنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك. ئىنسان بۇ دۇنيادا ياشىغان ئىكەن، ئۆزىگە يارىشا تۆھپىسى، ئەجىر مېھنىتى بولىدۇ؛ مىڭ جاپادا بېقىپ چوڭ قىلغان بالىلىرى، ئارىلىشىپ ئۆتكەن ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى بولىدۇ.

يېقىنلىرىغا قازايى قەدەر كەلگەندە كىشىلەر مەرھۇمدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ياكى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن قايغۇرۇپ يىغلايدۇ، قارىلىق تۇتىدۇ، نەزىر بېرىدۇ، جامائەت بىلەن بىرگە دۇئا قىلىدۇ. مۇسىبەتتە جامائەت مېيىت ئىگىلىرىگە تەسەللىي بېرىدۇ، سەۋرچانلىق تىلەيدۇ، مەرھۇمنىڭ ياخشى ئىش-ئىزلىرىنى ياد ئېتىش ئارقىلىق ھەر كىمگە كېلىدىغان بۇ ئۆلۈمنىڭ سىر-ھېكمىتىنى ئويلايدۇ. جامائەت شەكلىدىكى بۇنداق دىنىي پائالىيەت ۋە مۇراسىملار ئەنئەنىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ياخشى ئۆرپ-ئادەت ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەنئەنىۋى مۇراسىملارنىڭ ئۆزىگە يارىشا قائىدە-يوسۇن، ئەدەپ-ئەخلاقى بولىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدىكى "تويىنىڭ نەغمىسى، ئۆلۈمنىڭ يىغىسى بار" دېگەن سۆزمۇ ھەرقانداق ئىشنى ئۆز يارىشىقىدا ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. مەن ھەر قېتىم مۇسىبەت سورۇنلىرىغا بارغاندا بۇنداق سورۇن ۋە كەيپىياتقا ماس كەلمەيدىغان ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تولىمۇ ئېچىنىمەن.

1. كىيىنىشتىكى بىنورماللىق: سورۇنغا قاراپ كىيىنىش سورۇن ئىگىسىگە بولغان ھۆرمەتنىڭ، ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ بەلگىسى. ئۆلۈم پەتىسىگە بارغاندا بۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ سورۇنغا مۇسىبەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاق، قارا كىيىملەرنى كىيىش ئەقەللىي تەلەپ. ئەمما ھازىر بۇنداق سورۇندا ئۈچىدا ئوچۇق رەڭلىك قىسقا يوپكا، كاسىسىنى دىڭگايتىپ كىيىۋالغان مودا ئىشتانلىق قىزلارنى، بېشىغا ئالىقانچىلىك كېلىدىغان گىجىم ياغلىقلارنى چىگىپ، بىرلا ئېگىشسە ئالدى-ئارقىسى تەڭ كۆرۈنۈپ قالىدىغان كوپتا-يوپكىلارنى كىيىپ، قېنىق گىرىم قىلىۋالغان كۆلكە چىراي جۇۋانلارنى، ھەتتا قىزىل كۆينەك كىيىپ مېيىت نامىزىغا قاتنىشىۋاتقان ئەر زاتى ئوغۇللىرىمىزنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنداق غەيرى قىلىق مېيىت ئىگىلىرىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك. ئەگەر ئۇلار زۆرۈرىيەت ۋەجىدىن كىيىم ئالماشتۇرۇشقا ئامالسىز قالسا، باشقا ۋاقىتتا كۆڭلىنى ئىپادىلىۋالسا بولىدۇ.

2. سۆز-ھەرىكەتتىكى بىنورماللىق: تىل دىلنىڭ ئەينىكى، ھەرىكەت روھنىڭ نامايەندىسى. تىلنى قانداق ئىشلىتىش دىلنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، سورۇن تاللىماي ئىشلەتكەن تىل ھامان ئىناۋىتىڭىزنى تۆكىدۇ. ناماز كۈنى ياكى نەزىر كۈنىدىكى يىغىلىشلارنى ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، تونۇش-بىلىشلەر كۆرۈشىدىغان، مۇڭدىشىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىش، ئۆزىنىڭ ھامان ئۆلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ دۇنيانىڭ پارىڭى بىلەن بولۇپ كېتىش، ھەتتا چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈش قاتارلىق بىنورمال قىلىقلار مۇسىبەت ئىگىلىرىگە قىلىنغان ئېغىر ھاقارەت. "كىمنىڭ ئاتىسى ئۆلسە شۇنىڭ ياقىسى يىرتىق" دېگەندەك، مۇسىبەت ئىگىسى قايغۇ-ھەسرەت ئىلكىدە پۈچۈلىنىپ ئولتۇرسا، نەدىكى پاراڭلارنى سېلىپ، كۈلكە-چاقچاق بىلەن ئولتۇرسىڭىز، مۇسىبەت ئىگىسى سىزنى نېمە دەر؟ بۇلار ماڭا تەسەللىي بەرگىلى ئەمەس، يىغا-زارىمنى، نالە-پەريادىمنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغىلى، تاماشا كۆرگىلى كەپتۇ دېمەسمۇ؟ بۇ نېمدېگەن رەزىل كۆڭۈل، پەسكەش قىلىق-ھە!

ئەزىز قېرىنداشىم، مۇسىبەتنىڭمۇ ھۆرمەت-ئىناۋىتىنى قىلىپ قويايلى، نۆۋەتتە كەلگەندە بۇمۇ سىزنىڭ تىرىكلەر قەۋمى ئارىسىدىكى ئابرۇي-ئىناۋىتىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(ئاپتور: قۇمۇل شەھىرىدىن: تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى نۇر بەكرى 2012 - يىللىق 1 - قارارلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا قاتناشتى

2012 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئىسلام دىنىي مەكتىپىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 2012 - يىللىق 1 - قارارلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى نۇر بەكرى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. رەئىس نۇر بەكرى كۇرسانتلارغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادى تەرەققىياتىدىكى ياخشى ۋەزىيەتنى تەپسىلىي، ئەمەلىي مىساللار بىلەن تونۇشتۇردى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى، ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، يېڭىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش جەھەتتىكى ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى، سان - سىپىر بويىچە ئەمەلىي ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”دىن خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دىن خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى مەركەزلىك تەربىيەلەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ‘شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىپ، چېگرانى مۇستەھكەملەش’ ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم تەدبىرى. تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش مەيدانى مۇستەھكەملىنىپ، سىياسەت ئېڭى ۋە قانۇن ئېڭى يەنىمۇ كۈچىيىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى“. رەئىس نۇر بەكرى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”بىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قوغدىشىمىز كېرەك. قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇنسىزلىرنى چەكلەش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىش كۈرىشىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، دىن ساھەسىنىڭ مۇقىملىقنى قەتئىي ساقلاپ، دىن ئەسەبىيلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز، دۈشمەن كۈچلەرگە پايدىلانغۇدەك پۇرسەت بەرمەسلىكىمىز كېرەك“. رەئىس نۇر بەكرى مۇنداق دېدى: ”مەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ھەممە زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا، دىن ئەسەبىيلىرىگە قارشى تۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىنى توغرا چۈشىنىشكە يېتەكلەپ، ئەسەبىيچىلىكنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ۋە تەسىرىنى ئۈنۈملۈك توسۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداقلا يەنە دىن ساھەسى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ گۈزەل يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈش ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي يىغىنغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىسلام دىنىي مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، 2012 - يىللىق 1 - قارارلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرىدىن بولۇپ 300دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

(ئامانۇللا ھىزبۇللا)

## ئىسلام جەمئىيىتى پائالىيەتلىرى

▦ قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 2012-يىلى5-ئاينىڭ 29-كۈنى قەشقەر شەھەر قوغان يېزىسى يىغىن زالىدا ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىدە ھەر قايسى يېزا-بازار، كوچا باشقارمىسىدىن تاللانغان 13 نەپەر ماھىر ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ماھىرلار ئىسلام دىنىدىكى ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، تەرەققىيات تەشەببۇسلىرىنى ئەتراپلىق شەرھلەپ ۋەتەننى سۆيۈشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىياتنى ۋە ئىناق كەيپىياتنى كۈيلەشنى، گۈزەل يۇرت ماكان بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەزمۇنلاردىن ۋەز-تەبلىغ ئېلىپ باردى، مۇسابىقىگە قاتناشقان 300دىن ئارتۇق دىنىي زات ماھىرلارنىڭ ۋەز-تەبلىغنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. مۇسابىقە ئاخىرىدا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 6نەپەر ماھىرنى 3دەرىجىگە بۆلۈپ مۇكاپاتلاش ئېلىپ بېرىلدى، تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 3 ئىلغار ئورۇنغا لەۋھە تەقدىم قىلىندى. بۇ قېتىملىق مۇسابىقىگە قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇختەر ھەسەن قاتناشتى ھەمدە مۇسابىقىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن ماھىرلارغا مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى. (قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▦ 2012-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2012-يىلى 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا 18 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزا قاتناشتى. يىغىندا ئالدى بىلەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىندىن بېرى ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئەستايىدىل خۇلاسە قىلىندى ھەمدە دىنىي زاتلار قوشۇنىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاخىرىدا دائىمىي ھەيئەتلەردىن ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كەڭ دىنىي ساھەنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، قەشقەرنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش تەلەپ قىلىندى. (قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▦ يەكەن ناھىيەلىك مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ غەمخورلۇقى، يەكەن ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 2012-يىلى 3-ئاينىڭ 29-كۈنى ناھىيەلىك دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش مەركىزىدە "ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، گۈزەل يۇرت-ماكان قۇرۇش" تېمىسىدا ۋەز سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيەدىكى 29 يېزا-بازار، 1 مەيداندىن 34 پارچە ۋەز ماقالىسى تىزىملانغان بولۇپ، بۇنىڭدىن 24 پارچىسى تاللىنىپ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. مۇسابىقە بىر كۈن داۋام قىلدى، ئاخىرىدا ئۈچ دەرىجە بويىچە نەتىجىگە ئېرىشكەن دىنىي زاتلارغا مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بېرىلدى. (يەكەن ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

♥ باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن ھوشۇر سامساق، ياسىن ناسىر قاتارلىق دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ياقىئېرىق بازىرىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئاممىسى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى نامرات، مېيىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە، مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ كەلدى، ھازىرغىچە دىنىي زاتلار ۋە بېيىغان مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىلغان تۈرلۈك ياردەملىرى 85مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥لوپ ناھىيە بازار چوڭ جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى نەبىخان ئابلىز داموللام باشقىلارغا خالىس ياردەم بېرىشنى ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلىپ كەلدى. ئۇ يېقىنقى 2 يىل مابەينىدە ئۆز يېنىدىن 16مىڭ 350 يۈەن چىقىرىپ، 3 نامرات قوشنىسىنىڭ ئۆي سېلىشىغا ياردەم بەردى؛ 18 نەپەر ياشقا ئۆزىنىڭ قوي، كالا باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى، ئۆتكەن يىلى قۇربان ھېيتتا 21 نامرات ئائىلىگە 12 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئوتتۇن، كۆمۈر، 3700 يۈەن قىممىتىدە گۆش، ئۇن ياردەم قىلدى؛ 10 نەپەر نامرات ئائىلە پەرزەنتىگە 2000 يۈەن قىممىتىدىكى ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى. (تۇرسۇنتوختى مەمتىمىن)

♥ باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ياتۇر يېزا تاغچى مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى مجىت ئۆمەر ھاجى ئاجىزلارنى يۆلەپ، نامراتلارغا ياردەم بېرىپ كەلدى، ھازىرغىچە ئۇنىڭ مېيىپ دېھقانلار ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان ياردىمى 15مىڭ يۈەندىن ئاشتى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا يېڭىباغ مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم مەسچىتتىكى جامائەتنى بىر نامرات دېھقاننىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، 4180 يۈەن ئىئانە توپلاپ، بىمارنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بەردى. يەنە توغراق مازار مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابلىز ئاخۇن مەخسۇم بىلەن شۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى، قوشۇمچە زەمچېئىرىق مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇلەتىپ ئاخۇنۇم جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىپ، داۋالىنىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان بىر دېھقان ئەر-ئايالغا 2560 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ھىدايەت ئەخمەت)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

♥ باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئاۋۇت ياقۇپ قاتارلىق ساخاۋەتچى كىشىلەر يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان ياتۇر يېزىسىنىڭ مائارىپ، سەھىيە ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئىشلىرىغا نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم بولۇپ 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ يېقىندا، باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن رابىگۇل تۇراپ، گۆھەرنىسا نىياز قاتارلىق 80دىن ئارتۇق مېھرىبان ئانىلار نامرات، مېيىپ كىشىلەرگە 10مىڭ 520يۈەن ئىئانە قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ قاغىلىق ناھىيىسىدىكى "مېھرىبان ئانىلار جەمئىيىتى" 2-ئاينىڭ 16-كۈنى لوق يېزىسىنىڭ بورا 10-كەنت مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە كېلىپ، 50 نەپەر ئوقۇغۇچىغا 2500 يۈەن قىممىتىدە ئوقۇش قوراللىرى ياردەم قىلدى. بۇ مېھرىبان ئانىلارنىڭ قىيىنچىلىقى بارلارغا بەرگەن ياردىمى 13 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. (زۆھرەگۈل تۇنىياز)

♥ يېقىندا، قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تازىلىق ئىشچىسى قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ يارىلانغاندا، بۇ ئىدارىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن 86 كىشى 5955 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئېلى ئابدۇرىشت، سىدىق تۇردى)

♥ يېقىندا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدىكى كادىرلار، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ھاياتى خەۋپتە قالغان بىر قىز ئوقۇغۇچىغا جەمئىي 12مىڭ 500 يۈەن ئىئانە قىلدى. (سىدىق تۇردى، مۇھەببەتگۈل بارات)

♥ يېقىندا، باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى يەككە تىجارەتچى ئارزۇگۈل قادىر ئىلىك ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، ئۇرۇمچىدە داۋالىنىۋاتقان 12 ياشلىق ئوقۇغۇچى قىزغا 2000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ يېقىندا، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن 8-لىيەنىنىڭ 2-پەيدىن 3-پەيگە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن بۇ ئىككى پەيدىكى ئاممىنىڭ يول يۈرۈشىگە قولايسىزلىق كەلتۈرگەن ئىدى. يېقىندا، بۇ لىيەندىكى، دېھقان موللا رەھمەت سالى ئۆز يېنىدىن 7000يۈەندىن ئارتۇق پۇل سەرپ قىلىپ، بۇ كۆۋرۈكنى ياساپ، ئاممىنىڭ يول يۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ، لىيەندىكى دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(سەمى ئوبۇل، ئايىمگۈل تۇراق)

## دۆلىتىمىزنىڭ جىددە شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا زىياپەت بەردى

2012-يىل 3-ئاينىڭ 27-كۈنى دۆلىتىمىزنىڭ جىددە شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ۋاڭ يۇڭ كونسۇلخانىدا شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا زىياپەت بەردى. مەككە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 15 نەپەر ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ۋەكىللىرى زىياپەتكە قاتناشتى. كونسۇلخانا رەھبەرلىرى ئۆگىنىشتە ئىلغار ئوقۇغۇچىلارغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى تارقىتىپ بەردى. باش كونسۇل ۋاڭ يۇڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەھۋالى توغرىسىدا سۆز قىلىپ، ساۋاقداشلارنىڭ ئوقۇش پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، كەلگۈسىدە ۋەتەنگە، ئەل يۇرتقا جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن، قائىدە-نىزاملىرىغا، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ۋە مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىپ، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق تۈردىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتتى ھەم قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، خاتىرجەم ئۆگىنىپ، ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە ئانا يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (دۆلىتىمىزنىڭ جىددە شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى تور بېكىتىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: راملە ئابدۇراھمان ھاجى)

## باي ناھىيەسىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى

باي ناھىيەسىدىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئاممىسى بۇلتۇردىن بۇيان سىياسىي كېڭەش، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 2300 نۇسخىدىن ئارتۇق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ھەمدە 50 پارچىدىن ئارتۇق توپلامغا مۇشتەرى بولغان ئىدى. سىياسىي كېڭەش ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرى، بىرلىك سەپ ئىشخانىلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئاممىسى ھەر پەسىلدە بېسىلىپ تارقىتىلغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ھازىرغىچە ژۇرنالدىن پايدىلىنىش ۋە ئۈنۈمنى كۆرۈش نىسبىتى %99دىن كۆپرەككە يەتتى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

## باي ناھىيەسىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى 10مىڭ تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك ئورمان، گۈل-گىياھ ئۆستۈردى

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ چاقىرىقى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا، باي ناھىيەسىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى گۈزەل، باغچىلاشقان مەدەنىيەتلىك ناھىيە بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئاممىسىدىن 15 مىڭ ئادەم(قېتىم)دىن ئارتۇق كىشىنى سەپەرۋەر قىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئەتراپىغا 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك ئورمان، ئۈزۈم تېلى، گۈل-گىياھ قاتارلىقلارنى تىكىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.(ھەسەن ئابدۇۋەلى)



2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، 32 ـ قېتىملىق شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2012 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، 31 ـ قېتىملىق شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.





2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ۋە رەھبەرلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.





2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىن 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.




2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدا شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.



2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، يۈننەن دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۇنۇس تارتقان)




ISSN 1007-5836

06>

9 771007 583001

公 开 发 行

《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

国际标准刊号：ISSN1007—5836 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN11—1346/B مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:

国内邮发代号：（新）58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

国外发行代号：Q1720 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:

定价：5.00元 ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 5.00 يۈەن